توختى باقى

# تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن تەرمىلەر

译经验漫谈 TƏRJIMƏ TƏJRIBILIRIDIN TƏRMILƏR

توختى باقى

# تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن تەرمىلەر

مەسئۇل مۇھەررىرى: غوپپۇرجان   زايىت رەھىم

مىللەتلەر نەشرىياتى

**تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن تەرمىلەر**

توختى باقى

مەسئۇل مۇھەررىر: غوپۇرجان، زايىت رەھىم

مەسئۇل كوررىكتۇر: نۇرىيە ئەزىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1982 ــ يىل 8 ــ ئايدا 1 ــ قېتىم نەشر قىلىندى

1982 ــ يىل 8 ــ ئايدا بېيجىڭدا 1 ــ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.52 يۈەن

# 翻译经验漫谈

(维吾尔文)

托呼提·巴海著
责任编辑：吴普尔江、扎宜提
责任校对：努尔毕娅
民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米 1/32 印张： 8 3/8
1982年8月第1版
1982年8月北京第1次印刷
印数：0001—5,500册 定价：0.52元
书号：M9049(4)6

# كىرىش سۆز

خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدا تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى ئۈستىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. تەرجىمە بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ھەممە جايدا ۋە ھەممە ئىشتا بىۋاستە خاسىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمە بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغان خەلقنىڭ قەلبىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئىستەكلىرىنى، مۇھەببىتىنى، غايىسىنى تىل ۋاستىسى بىلەن بىر بىرىگە ئۇقتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەشكە بىللە ئاتلىنىشقا مەدەت بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشكە، بىر بىرىنىڭ مەنىۋى غەزنىلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىپ، تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن پارلاق-پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يارىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

تەرجىمانلىرىمىز كۆپ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تۆھپىلەرنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرمۇنچە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان تەرجىمانلار چىقتى، ئۇلارنىڭ ئۆلگىلىرى ياش تەرجىمانلىرىمىز ئۈچۈن شام چىراق بولۇپ نۇر چاچماقتا.

لېكىن شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇش لازىمكى، ھازىرقى بەزى

تەرجىمە ئەسەرلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر زامانىمىزنىڭ تەلىۋىگە، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىشتىن خېلى يىراق. تەرجىمە ئەسەرلىرىمىزدە پىشىپ يېتىلمىگەن، ئوقۇغان كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان، كىتاپخانىلارنىڭ زوقىنى ياندۇرىدىغان، پەقەت ئايرىم تەرجىمانلارنىڭ ئۆزىگىلا شېرىن، باشقىلارغا بەتتام تۇيۇلىدىغان نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ساھەدە يۈكسەك ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتقان ھازىرقى پەيتتە، تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئوستۇرۇش ئۈستىدە تازا باش قاتۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىش بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

مەن ئۆزەمنى تەرجىمان ھىساپلىغىنىم بىلەن، تېخى تەرجىمانلىق دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلاۋاتقان بىر ئۆگەنچىمەن. شۇ سەۋەپتىن، تەرجىمىنىڭ قانداق بولغاندا يۇقۇرى سۈپەتلىك بولىدىغانلىغى، ئۇلچەم ۋە قائىدىلىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىگى توغرىسىدا كىشىنى قايىل قىلارلىق بىر نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. پەقەت تەرجىمانلىقنىڭ يوللىرىنى، ئۇلچەم-قائىدىلىرىنى ئىزلەپ يۈرگەن بىر ھەۋەسكار بولغىنىم ھالدا، تەرجىمە ئىشىدا ئەسلى تېكىست — ئاساسەن خەنزۇچە — بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرا بولۇپ كورۈنىدىغان، ئەمما ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە يات ”تەرجىمە تىلى“ بولۇپ كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى، ئىستىلىستىكىسى بويىچە ئىشلىسىگىز، ئەسلى تېكىستكە دەلمۇ-دەل

بولۇپ چىقمايدىغان زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ھاسىل قىلغان ئايرىم تەجرىبىلىرىمنىلا بايان قىلىشنى زۆرۈر تاپمەن.

مېنىڭچە، تەرجىمىنىڭ ئۆزگەرمەس بېكىتىۋېتىلگەن ئۆلۈك قېلىپى يوق، تەرجىمىدە ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى، چوڭ-كىچىكلىكىنى، ئېغىر-يېنىكلىكىنى ئۆلچىگىلى بولىدىغان بىرەر ئۆلچەمنى قېلىپ قىلىۋېلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئەگەر زادى بىرەر ئۆلچەمنى كۆرسەتمەي بولمايدۇ دېيىلىدىغان بولسا، مەنمۇ تەرجىمە تارىخىدا تەرجىمە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ۋە ئومۇمەن ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان مۇنداق بىر پرىنسىپنى تەكرارلايمەن: تەرجىمىدە "ئىمكان قەدەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە رىئايە قىلغان ھالدا، خەنزۇچە تېكىستنىڭ مەنىسىنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش شەرت"، مۇشۇنداق پرىنسىپ بويىچە قىلىنغان تەرجىمىنىڭ توغرا تەرجىمە ئىكەنلىكىگە كۆپچىلىك قايىل.

ئەپسۇسكى، خەنزۇچە سەۋىيىسى يۇقۇرى بولمىغان، ئۇيغۇرچە سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنرەك بولغان تەرجىمانلار "سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە"نى توغرا تەرجىمە دەپ ھېسابلىسا، خەنزۇچە سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، ئۇيغۇرچە سەۋىيىسى يۇقۇرىراق تەرجىمانلار "مەنەن تەرجىمە"نى توغرا تەرجىمە دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن؛ تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇبدان تونۇشلۇقى بولمىغان تەرجىمانلار بولسا، مەسىلەن، ئەدەبىياتتىن

ياگى پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغانلار زورمۇ ـ زور تەرجىمە قىلىپ، ھەرىپمۇ ھەرىپكە، سۆزمۇ سۆزگە توغرىلايدۇ ـ دە، ئەسلىسىگە سادىق تەرجىمە قىلدىم دەپ ھېساپلايدۇ. لېكىن بۇنداق تەرجىمە خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تىزىلمىسى بولۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق تەرجىمانلارمۇ باش قاتۇرىدۇ، نۇرغۇن كۈچ، ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، ئەمما قېلىپلاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا، جانلىق خەلق تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىلىستىكىسىغا، تىل ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ قويىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلمايدۇ، نەتىجىدە تەرجىمە ئەسەرلەردىن كىتاپخانلارنىڭ زېرىكىشىگە سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ.

مەن بۇ سۆزلەرنى بەزى تەرجىمانلارنى ئەيىپلەش يۈزىسىدىن ئېيتىۋاتمايمەن، چۈنكى ھازىرغىچە مەن ئۆزەممۇ بەزى تەرجىملىرىمدە شۇنداق كەمچىلىك، خاھىشلاردىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنىم يوق. پەقەت ھەم تەرجىمان، ھەم كىتاپخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن قارىغىنىمدا، بەك ئىچىم پۇشقانلىقى ئۈچۈنلا، شۇ ئەھۋاللارنى قويىۋاتىمەن. تەرجىمە ئىشى، قارىماققا ئەرتىس سەھنىدە ئۇسۇل ئوينىسا، تاماشىچىغا ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئاسان كۆرۈنگەندەك ئاددى، ئاسان بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ۋاھالەنكى ئۇسۇلدىن ئانچە خەۋىرى يوق ئادەم بىرەر سورۇندا ئۇسۇلغا تارتىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى قاملاشتۇرۇپ ئوينىيالماي تەرگە چۆمۈلۈشى تۇرغان گەپ. تەرلەپ ـ پىشمىغىچە ئۆگەنمەك

تەس.

تەرجىمە ئىشىدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئىچىمنى پۇشۇرىدىغان مەسىلىلەر ۋە شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىمنى تەسىراتلىرىم تەرىقىسىدە رەتسىز-سىيستېمىسىز بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتەيكى، مەن پارچە-پۇرات مۇلاھىزىلىرىمدە ئاساسەن ئۆزەمنىڭ شەخسى تەجرىبىلىرىمگىلا ئاساسلاندىم. مېنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىم ئاساسەن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا دىققەتنى كۆپرەك جەلپ قىلىدىغان، كۆپرەك ئۇچرايدىغان ۋە ھەل قىلىش يوللىرىنى ئىزلەش زورۇر بولغان مەسىلىلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلقىمىزدە "غوردىن ھالۋا پۇتىدۇ" دىگەن ماقال بار. مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم تېخى چۇچۇك غورا. كۆپچىلىكنىڭ پەرۋىشى بىلەن پىشىپ شىردىن مۇۋىگە ئايلىنىشىغا ئىشىنىمەن.

1980-يىل ماي.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز . . . . . . . . . . . . . . . 1
تەرجىمە توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات . . . . . 1
تەرجىمىگە كىرىشكەندە . . . . . . . . . . . 15
تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك . . . 30
قايسىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل؟ . . . . . . . . 45
تەرجىمىدە سۆزلەرنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇ-
رۇش مەسىلىسى . . . . . . . . . . . . . 57
تەرجىمىدە مەنتىقىي ئۇقۇم مەسىلىسى . . . . 62
تەرجىمىدە سۆز تاللاش مەسىلىسى . . . . . 71
تەرجىمە ئۇسۇلىغا دائىر . . . . . . . . . . 84
تولۇقلاش ئۇسۇلى . . . . . . . . . . . . 91
قىسقارتىش ئۇسۇلى . . . . . . . . . . . 98
ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى . . . . . . . . . . . 118
سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا
131 . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
مۇرەككەپ جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە
تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا . . . . . . . 165

پىسلارنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىشى ۋە
تەرجىمە ............... 197
"چاتما جۈملە" ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى توغرى-
سىدا .................... 205
"ئىبارەت"تىن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىغا ...... 223
تەرجىمىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن سىلىشتۇرما
ماتېرىيال ............... 245

# تەرجىمە توغرىسىدا قىسقىچە ساۋات

تەرجىمە بىر خىل تىلدا يېزىق شەكلى بىلەن ياكى ئېغىزچە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنى يەنە بىر خىل تىلدا يېڭىۋاشتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان تىل پائالىيىتى؛ ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى. يولداش ستالىن ئوزىنىڭ «ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق توغرىسىدا» دىگەن مەشھۇر ئەسىرىدە: ”تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر بىرىنى چۇشىنىدۇ. تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سوزلەر بىلەن ۋە سوزلەردىن تۇزۇلگەن جۇملىلەر بىلەن خاتىرىلەپ قويىدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ“ دەپ يازغان ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى بولغان تىل، خۇددى ستالىننىڭ تەبىر بەرگىنىدەك، تەپەككۇرنىڭ بىۋاستە ئەملىيىتى، مەنىۋى پائالىيەتنىڭ كونكرىت ئىپادىلىنىش

شەكلى. ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلى بىر بىرىدىن ھەرقانچە پەرق-
لەنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈ-
رۈۋاتقان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى، شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش لوگىكىسى ئومۇمەن ئوخشىشىپ
كەتكەچكە، تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن پىكىر-ھېسسىياتلىرىدا
ھەممە ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان ئورتاقلىق بولىدۇ. بۇنداق
ئورتاقلىق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ئىپادىلەنگەن پىكىر مەزمۇنىنى
يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتىنى
بېرىدۇ. بۇنى ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن تىلنىڭ جەۋھىرى
ھېساپلىنىدىغان ماقال بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىش مۇمكىن. مەسى-
لەن، خەنزۇ تىلىدا بىرەر ئىشنى دەل ئۆز پەيتىدە ئىشلەش
زورۇرلۇگى ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ "趁热打铁" دېيىلسە، شۇ چۈ-
شەنچە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق" دىگەن
ئوبرازلىق ماقال بىلەن توغرا، ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلىمەي
چىشلەشكە تەييار تۇرىدىغان ھاراماقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى
خەنزۇ تىلىدا "饭来伸手，汤来张口" دەپ سۈپەتلەنگەن
بولسا، خۇددى شۇ چۈشەنچىنى ئۇيغۇر تىلىدا "ئۈزۈم پىش،
ئاغزىمغا چۈش" دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن. بەدنىيەت، ئاچكوز
ئادەمنى خەنزۇ تىلىدا "吃着碗里，望着锅里" دىگەن ئىبارە
بىلەن سۈپەتلىگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ "ئاغزى ئاشتا، كوزى
قازاندا" دىگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن.
قېرىنداش خەنزۇ خەلقى بىلەن ھەر جەھەتتىكى ئورتاق

تۇرمۇش شارائىتىدا، مەيلى سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن، شەكلەن تىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، چۈشەنچە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولغان ئورتاقلىقلارنىڭ سانى يوق. خەنزۇ تىلىدا شەكلەن باشقىچە يېزىلغان، سۆزلەنگەن سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ مەنىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدا "胡须" دېيىلگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا "ساقال-بۇرۇت" دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن.

دېمەك، بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەتنىڭ تىلىنى بىر بىرىگە تەرجىمە قىلىش مۇمكىنلىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ھودىسىدىن چىقىش مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەرجىمە نەزىرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، كونكرېت تەرجىمە ماھارەتلىرىنى تېپىش ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەڭ ئىستىقبال يارىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدىغان چۈشەنچە ئورتاق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورتاقلىق بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ كونكرېت تەرجىمە پائالىيىتىدە ھېچقانچە چوڭ قىيىنچىلىق تۇغۇلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

تەرجىمە بىلەن خاراكتېرلانغان تىل پائالىيىتىنىڭ باشقا تىل پائالىيەتلىرىدىن (بۇ يەردە ئاساسەن ئىجادىي يېزىقچىلىق پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) پەرقلىنىدىغان ئاساسىي بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، تەرجىمان تەرجىمە قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەسەببۇسلىرىنى ئۆزى خالىغانچە ئىپادىلىمەستىن، تەرجىمە قىلىنغۇچى ماتېرىيالدا بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلغۇچى تىلدا قايتا بايان قىلىپ بېرىدۇ. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەردىكى پىكىر بىلەن چەكلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسلى پىكىرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش تەرجىمە كەسپىدىكى چوڭ بىر زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىمە تارىخىدا تۈرلۈك ئېقىم، خاھىش ۋە ئۇسۇللار ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، "سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە" ۋە "مەنەن تەرجىمە"، "مېخانىك تەرجىمە" ۋە "ئەركىن تەرجىمە"، "ئۆلۈك تەرجىمە" ۋە "جانلىق تەرجىمە"، "يېرىك تەرجىمە" ۋە "راۋان تەرجىمە"، "تەڭ قىممەتلىك تەرجىمە" ھەتتا "مالىمان تەرجىمە" (بەزىدە "ئۆرۈپ-سوقۇپ تەرجىمە قىلىش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋاھاكازا. مېنىڭ بۇ ماقالام ئاساسەن ئۆزەمنىڭ تەرجىمە تەجرىبىلىرى دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنگەچكە، تەرجىمىنىڭ سىياسى-نەزدرىيىۋى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرى ۋە خەۋەر-ئاخبارات دىگەندەك تارماقلار بويىچە تۈرلىنىشى ئۈستىدە، تەرجىمىنىڭ ئومۇمەن نەزىرىيىۋى قائىدىلىرى ۋە

ئېقىملىرى ئۈستىدە توختالمايمەن.

لېكىن كېيىنكى كەلگەندە شۇنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەسكى، تىل پائالىيىتىنىڭ جۇملىسىدىن بولغان تەرجىمە ئىشى تىلنى ۋاستە قىلىدۇ. ھاۋالەنكى، ئەسلى تىل بىلەن تەرجىمە تىلى (بۇ يەردە گەپ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىلا بارىدۇ) كوپ ھاللاردا، بىر بىرىدىن كوپ پەرق قىلىدۇ، ھەرقايسىسى-نىڭ ئۆزىگە خاس سوز-ئىبارىلىرى، لۇغەت فوندى، تىل ئادىتى ۋە جۇملە تۇزۇش قائىدىسى بار. تەرجىمىدە ئەنە شۇن-داق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولغان ئىككى تىلنىڭ خۇ-سۇسىيەتلىرىنى، قائىدە-قانۇنلىرىنى بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىگە مۇناسىپ ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تېپىش ئۇچۇن نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۇرۇشكە، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاتاقلىق پىشقەدەم تەرجىمانلىرىمىزدىن لۇشۇن مۇنداق دەيدۇ: "مەن، تەرجىمە قىلىشنى ئىجادىي يېزىقچىلىقتىن ئاسان، چۇنكى ئۇنىڭدا ھېچ بولمىغاندا پىكىر يۇرگۇزىمەن دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن راستىنلا تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىن، قىيىن داۋانلارغا دۇچكەلدىم. مەسىلەن، بىرەر ئىسىم ياكى بىرەر پېيىلنى تاپالماي قالغاندا، ئىجادىي يېزىۋاتقاندا ئەگىپ ئوتۇپ كېتىش مۇمكىن، تەرجىمىدە ئۇن-داق قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ تەرجىمىدە تاكى باش قېيىپ-قېتىپ كەتكىچە، خۇددى مىڭىدىن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ئاختۇرغاندەك، ئويلاشقا، ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ". بۇنىڭدىن

مەلۇمكى، تەرجىمىدە بىرەر سوزنى، بىرەر ئاتالغۇنى ئىجات قىلىش، ياساشلا ئەمەس، ئادەتتىكى ئىسىم، پېئىل ياكى سۇپەتنى ئۆز لايىقىدا تەرجىمە قىلىشمۇ سەل چاغلايدىغان ئاددى ئىش ئەمەس؛ تىل ئادىتى، تىل قائىدىلىرى كوپ پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن-پۈتۈن ئەسەرلىرىنى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تىلىغا توغرا، چۈشىنىشلىك، ئەسلىگە سادىق بولغان هالدا دەل ئىپادىلەپ بېرىش ناهايىتى زور بىر ئىش.

يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزدىن مەلۇمكى، تەرجىمە تىلنى مېخانىك ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مۇۋاپىق، دەل ۋە ئېنىق ئىپادىلەش شەكىللىرىنى ئىزلەش، تاللاش يولىدا كوپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان مۇرەككەپ بىر جەريان؛ يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمان ئۆزىنىڭ ماهارىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىجادىيەت جەريانى. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇشكۇللۇقىمۇ ئەنە شۇ جەرياندا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىجادىي خىزمەت ئىكەنلىكىمۇ ئەنە شۇ جەرياندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. قايسىبىر تەرجىمە نەزىرىيىچىسىنىڭ تەرجىماننى رەسسامغا ئوخشاتقىنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ: تەرجىمان خۇددى سۈرەت سىزىدىغان رەسسامغا ئوخشايدۇ، ئۇ كوز ئالدىدىكى كونكرېت مەنزىرىنى ئۆز لايىقىدا سىزىپ بەرسىلا بولدى، كوز ئالدىدىكى نەرسىنى فوتو ئاپاراتى بىلەن تارتقانغا ئوخشاش، مېخانىك هالدا ئەينەن تارتىپ بېرىشنىڭ هاجىتى يوق، دېگەن. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى نۇرغۇن پاكىت-

لار ئەسلى گەپ، ئەسلى جۈملىنى خۇددى فوتو ئاپپاراتى بىلەن سۈرەت تارتقاندەك مېخانىك ھالدا كوچۈرۈپ قويۇشنىڭ يارد-ماس خاھىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟

تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە رىئايە قىلىنىدى-غان مىزان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى باھا-لاشنىڭ ۋاستىسى. تەرجىمىدە ئۆلچەم مۇتلەق بولمايدۇ، نىسبى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىگە قاراپ، تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا قاراپ راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تەرجىمىنىڭ مەقسىدى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيت-قاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش. بۇ — ھەرقانداق تەرجىمە ئۈچۈن ئورتاق ئۆلچەم ۋە ھەرقانداق تەرجىمانغا ئايان ساۋات.

لېكىن، ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردا بولۇشىغا قاراپ، تەرجىمىنىڭ ئىپادىلەش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىنقى شەرت بولغان ئومۇمى ئۆلچەم ئاسا-سىدا، تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىگە قويۇلى-دىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

“在社会主义制度下，实行按劳分配；在共产主义制度下，实行按需分配。”

”سوتسيالىزىم شارائىتىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ؛ كوممۇنىزىم شارائىتىدا ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ.“

بۇ مىسال سىياسى - نەزىرىيىۋى ئەسەردىن ئېلىنغان. سىياسى - نەزىرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە سىياسى نۇقتىنەزەرنىڭ ئېنىق بولۇشى، سۆز - ئىبارىلەرنىڭ بىر بىرىگە ماس كېلىشى، جۈملىلەرنىڭ راۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ مەنتىقىي چۈشەنچىنىڭ ئەسلىگە تۇپتىن ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئېھتىمال، بۇ يەردە ”制度“ سۆزىنىڭ ”شارائىت“ دەپ تەرجىمە قىلىنىشى، ”实行……分配“ ئىبارىسىنىڭ ”تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇش“ دەپ تەرجىمە قىلىنماي، ”تەقسىم قىلىش“ دەپلا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇستىدە باشقىچە پىكىر تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇنداق مەسىلە سىياسى - نەزىرىيىۋى ئەسەرلەر تەرجىمىسىگە قويۇلىدىغان تۇپ تەلەپ ۋە ئومۇمى ئۆلچەم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى سىياسى - نەزىرىيىۋى ئەسەرلەر تەرجىمىسىدىمۇ، خۇددى باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىگە ئوخشاشلا، مەزمۇن ۋە چۈشەنچىنى ئەسلىگە باپ، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق دەرىجىدە سۆز تاللاش ۋە شۇ ئاساستا سۆز - ئىبارىلەرنى بىر بىرىگە ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، جۈملىنى راۋان ئېلىشقا يول قويۇلىدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادەتتى بويىچە چىن مەنتىقىي چۈشەنچە ئېتىۋارى بىلەن ئالغاندا، ”سوتسيالىزىم تۈزۈمى ئاستىدا...... قىلىش يولغا قويۇلىدۇ“ دېگەن گەپ ساپ-

ساغـلام گەپ ئەمەس؛ خۇددى شۇنىڭـدەك، ئۇيغۇر تـىلىـدا "تەقسىملەش يولغا قويۇلىدۇ" ياكى "تەقسىمات يولغا قويۇلىدۇ" دېگەن سوز "تەقسىم قىلىنىـدۇ" دېـگەن ئۇقۇمـدىنلا ئـىبارەت. بۇ يەردە گەپ پەقەت تەرجىماننىڭ سوزنى قانـداق تاللاش، قانداق ئىشلىتىش ماھارىتىگە باغلىق.

ئەمدى پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرىدىن مىسال كەلتۈرەيلى:

"蜂蜜是大自然赠给的贵重礼物。蜂蜜中含有碳水化合物，酶，维生素，矿物盐，有机酸。一百克蜂蜜的热量为三百至三百二十卡。"

"ھەسەل تەبىەت دۇنياسىنىڭ قىممەتلىك سوغىسى. ھەسەل-نىڭ تەركىۋىدە كاربون-سۇ بىرىكمىلىرى، فېرمېنت، ۋىتامىن، مېـنىرال تۇز، ئورگـانىك كىسلاتا بار. 100 گـرام ھەسەل 300—320 كالورىيە ئىسسىقلىق بېرىدۇ."—بۇ بىر خىل تەرجىمە.

بۇ مىسالنى مۇنـداق تەرجىمە قىلىشـمۇ مۇمـكىن: "ھەسەل تەبىەت ھەدىيە قىلغان قىممەتلىك سوغا. ھەسەلدە كاربون-سۇ بىرىـكمىلىرى، فېرمېنت، ۋىـتامىن، مىنېرال تۇز، ئورگـانىك كىسلاتا بار. 100 گىرام ھەسەلدە 300—320 كالورىيە ئىسسىق-لىق بولىدۇ."

مەيلى بىرىنچى خىل تەرجىمىدە بولسۇن، مەيلى ئىككىنچى خىل تەرجـمىـدە بولسۇن، ئەسـلى ئەسەردە بايان قىلىنـغان پاكىتلار ۋە ئىلمىي ئۇقۇملار ئېنىق، توغـرا بايان قىلىپ بېرىل-گەن. چۈنكى پاكىتلار، ئىلمىي ئۇقۇملار پەن-تېخنىكا ئەسەرلى-رىنىڭ جېنى ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېرمىن-ئاتال-

غۇلارنى توغرا قوللىنىشمۇ پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجى-
مىسىگە قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپلەردىن بىرى. بۇ مىسالىنىڭ
ئىككى خىل تەرجىمىسىدە ئايرىم تېرمىنلار ئىككى خىل ئېلىن-
غان. بۇ ئىككى خىل تەرجىمە ئومۇمەن مەنىسىنى توغرا بېرىش
جەھەتتىن كىشىنى رازى قىلالىسىمۇ، لېكىن تېرمىن-ئاتالغۇ-
لارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتىن يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا
كېلىدۇ. تېرمىن-ئاتالغۇ جەھەتتە قارارلاشتۇرۇش زورۇر
بولغان مەسىلىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بىرىنچى خىل تەرجىمىنى
خېلى پىشقان تەرجىمە دەپ ھىساپلاش مۇمكىن. “大自然
赠给的贵重礼物” دېگەن ئىبارىدىكى 赠给的” (ھەدىيە
قىلغان)“ دېگەن سۆز، قارىماققا تاشلىنىپ قالغاندەك تۇرسىمۇ،
ماھىيەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ نازۇك مەنىلىرى جەھەتتىن ئېيتقان-
دا، ”تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قىممەتلىك سوغىسى“ دېگەن ئىبارى-
نىڭ ئۆزىدىنلا تولۇق چۈشىنىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تەرجىمە ئۇسۇ-
لىدىكى ”كونكرېت قوللىنىلمىسىمۇ، ئالدى-كەينىدىكى باشقا
سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يوشۇرۇن مەنىسى چىقىپ تۇرىدىغان
سۆزلەرنى قىسقارتىش مۇمكىن“ دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن.
“蜂蜜中” دېگەن سۆز ”ھەسەلنىڭ تەركىۋىدە“ دەپ تەر-
جىمە قىلىنغان. ”ھەسەلدە“ سۆزى خەنزۇ تىلىدا توق، تولۇق
سۆز بولسىمۇ، جۈملىدىكى ئورنى، ۋەزىپىسىدىن ئالغاندا،
ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن، ئاچلىق قىلىپ تۇر-
غانلىقى” ھەسەلنىڭ تەركىۋىدە“ دېگەن ھالىتىگە سېلىشتۇرۇپ

قارىغانda گەۋدىلىك كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ئەسلى ئەسەردىكى مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئۇچۇن، تەرجىمىدە "تولۇقلاش" ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا يول قويۇلىدۇ.

قىسقىسى، سىياسى-نەزىرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ، پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە مەنىنىڭ توغرا بولۇشى، مەنتىقى ئۇقۇمنىڭ ئېنىق بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ؛ شۇ ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا، جۈملىنى راۋان ئىشلەش ئۇچۇن، تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تىل قائىدىلىرىگە، تىل ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى دېگىنىمىزدە شۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئوي-پىكىرلەر، كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار، تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر، يېشىپ بېرىلگەن قائىدىلەر ۋە ئىپادىلەنگەن ھىسسىيات كوزدە تۇتۇلىدۇ. تەرجىمان تەرجىمىنى توغرا ئىشلەش ئۇچۇن ئەسلى ئەسەردىكى شۇ ئامىللارنى ئوز تىلى بىلەن كەم-كوتىسىز، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك؛ بۇرمىلىماسلىقى، كېمەيتمەسلىكى، مۇبالىغە قىلماسلىقى، ئەسلى ئەسەردە يوق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ قويماسلىقى لازىم. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بەلگىلىك ۋاستە يەنى بەلگىلىك شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەكىل ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى. كونكرېت بىر مەزمۇننىڭ ئەسلى ئەسەردە ئۇنداق شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، تەرجىمىدە بۇنداق شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى

ئوبيكتىپ ئەمىلىيەت. مەسىلەن، بۇغدايدىن ئۇن تارتىدىغان زاۋۇت قىلىپلاشقان خەنزۇ ئەدەبىي تىلىدا ”面粉加工厂“ دېيىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىدا ”ئۇن زاۋۇدى“ دېيىلىدۇ. ئەگەر بىز تىلىدىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەي، تەرجىمىدە سوز-ئىبارىلەرنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە رىايە قىلماي، ”ئەسلىگە سادىق بولىمەن“ دەپ شەكىلگىلا بېرىلىپ كەتسەك، ئۇ هالدا، ”面粉加工厂“ نى ”ئۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى“ دەپ تەرجىمە قىلىش خاتالىقىدىن خالى بولالمايمىز. ”ئۇننى پىششىقلاپ ئىشلەش“ دىگەن سوزنىڭ مەنتىق جەهەتتىن نىمە مەنىنى بېرىدىغانلىغى ئوز ئوزىدىن مەلۇم. تەرجىمىدە شەكىل بىلەن مەزمۇننى توغرا بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدە ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

“是的，教授！我发现您对于丁洁琼还是那样一往情深，还是那么忠贞不渝。我从你的眼神中可以发现，她的名字和笑靥，已经和您的灵魂汇在一起，在时时唤起您对那早已消逝的青春时代的痛苦回忆……。”

سوزمۇ-سوز تەرجىمىسى: ”شۇنداق، پىروفېسسور! سىزنىڭ يەنىلا دىڭ جيېچيۇڭغا بولغان مۇهەببىتىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇغىنى، يەنىلا ئۇنىڭغا تايماستىن سادىق ئىكەنلىگىڭىزنى ئۇقۇپ قالدىم. مەن سىزنىڭ كوزىڭىزدىن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە زىناقلىرىنىڭ جېنىڭىزغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىگىنى، ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ياشلىق دەۋردىكى ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەر سىزنى هەر دائىم

ئويغىتالايدىغانلىغىنى سىزىۋالالايمەن......“

بۇ، «ئىككىنچى قېتىم كورۇشۇش» ناملىق رومانىدىكى دىئالوگلاردىن ئېلىنغان بىر ئابزاس سوز. بۇ يەردە پوپ قىيا- پىتىگە كىرىۋالغان بىر چەتئەل جاسۇسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقى- لاۋىي ئالىم، پىروفېسسورنى ئوزىنىڭ چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان مەھبۇبىغا بولغان مۇھەببىتىدىن پايدىلىنىپ ئالداپ، چەتئەلگە ئېلىپ قېچىش غەرىزى بىلەن ”مۇھەببەت ھىلىسى“نى ئىشلىتى- ۋاتقانلىغى تەسۋىرلەنگەن. تەرجىمە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ تەرجىمىنى ئەسلىگە سوزمۇ-سوز سادىق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. لېكىن بۇنداق تەرجىمىنى توغرا تەرجىمە دەپ قارىيالمايمىز. جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ دىئالوگدا ”مۇھەببىتىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇغىنى، يەنىلا سادىق ئىكەنلىگىڭىزنى ئۇقۇپ قالدىم“ دېيەلمەيمىز؛ ”كوزىڭىزدىن ئۇنىڭ ئىسمى ۋە زىناقلىرىنىڭ جېنىڭىزغا (خەير، ”روھىڭىزغا“مۇ بولسۇن) قوشۇلۇپ كەتكەنلىگىنى، ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلەر سىزنى ئويغىتىدىغانلىغىنى سىزىۋالالايمەن“ دېيەلمەيمىز. مەنە شۇنداق بولغان تەقدىر- دىمۇ، شۇ مەنىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس جۇملە تۇزۇش ئادىتى بويىچە، ئېغىزغا راۋان چۇشۇپ بېرىدىغان، مەنىسىمۇ روشەن ئاڭلىتالايدىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تاما- مەن مۇمكىن. مەسىلەن، ”شۇنداق، پىروفېسسور! قارىسام سىز تېخىچە دىلىڭ جىيچىيۇڭدىن مېھرىڭىزنى ئۇزمەپسىز، ئۇنىڭغا تېخىچە شۇنداق سادىق ئىكەنسىز. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى، زىناق-

لىرى سىزنىڭ ئەقلى ـ ھوشىڭىزنى ئېلىپ، ئاللىقاچان ئوتۇپ كەتكەن ياشلىق دەۋرىڭىزدىكى دەرت ـ ئەلەملىرىڭىزنى دائىم ئېسىڭىزگە كەلتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى كوزىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ......“

تەرجىمىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنى فوتو ئاپاراتى بىلەن سۈرەتكە تارتقانىدەك ھېچبىر ئوزگىرىشسىز شەكلەن ئوخشىتىپ تەرجىمە قىلىش، يەنى بۇنداق سادىقلىق، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، تەلۋىلەرچە سادىقلىق، ئولۇك تەرجىمە بولۇپ چىقىش خەۋپىدىن خالى بولالمايدۇ. ئەسلىگە سادىق، توغرا تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنى سوزمۇ ـ سوز، شەكلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئەمەس، ئۇنىڭ روھىنى، مەزمۇنىنى توغرا بايان قىلىپ بېرىش دىمەكتۇر. ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلى ئوزىگە خاس بايان قىلىش ئۇسۇلىغا، قائىدىسىگە ئىگە. بىرەر مەنىنى، بىرەر مەزمۇننى ياكى بىرەر جۇملىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۇچۇن، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ ھەر بىر ھەرپ، سوزلىرىگە، جۇملە شەكلىلىرىگە بىرمۇ ـ بىر جاۋاپكار بولۇشتىن كورە تەرجىمە تىلىنىڭ روھىنى، مېغىزىنى ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىغا، مېغىزىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا جاۋاپكار بولۇش ئۇچۇن تىرىشىش زورۇر.

# تەرجىمىگە كىرىشكەندە

قەلەم تەرجىمىسىگە كىرىشكەن ھەرقانداق تەرجىماننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتى داۋامىدا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ئۇچرىتىشى ۋە ئۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش يولىدا تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جەھەت-لەردىن ئەجىر سىڭدۈرۈشى ھەممىگە ئايان. تەرجىمان ئەسلى ئەسەرنى، ھېچ بولمىغاندا ئەسلى جۈملىنى پىششىق ئوقۇپ ھەزىم قىلىدۇ، ئۆزى ئۇچۇن چۈشىنىكسىز بولغان تېرمىن-ئاتالغۇلار ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ، لۇغەتتىن ئىزلەيدۇ، سوز تاللايدۇ، ئەسلى تېكىستتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىنى ئوز تىلىدا توغرا ئىپادىلەش ئۇچۇن مۇۋاپىق بايان شەكىللىرىنى ئىزلەيدۇ ۋە باشقىلار. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىكى بۇ چارە-تەدبىرلەر تەرجى-مىگە كىرىشكەندىن تارتىپ تەرجىمە پۈتكەنگە قەدەر بىر پۈتۈن جەريان بارلىقىنى ۋە بۇ جەرياننى ئىتىۋار بىلەن نەزەردە تۇتۇش زورۇرلۇكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇرەككەپ بىر جەريان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، يەنى تەرجىمىگە كىرىشكەندە ئىككى باسقۇچنى مەزمۇت قەدەم بىلەن بېسىپ ئوتۇش شەرت ئىكەن-

لىگى تەرجىمە تەجرىبىسىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە يەكۈنى بولسا كېرەك. بۇ ئىككى باسقۇچنىڭ بىرى ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش باسقۇچى؛ يەنە بىرى تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش باسقۇچى.

تەرجىمىگە كىرىشكەندە، ئالدى بىلەن، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى، مەزمۇنىنى، سوز-ئاتالغۇلىرىنى، گىراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئەسلى ئەسەردە بايان قىلىنغان كونكرېت ۋەقە ۋە شەيئىلەرنى ئوبدان چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئاندىن كېيىن، ئەنە شۇ چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن تەرجىمە تىلىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بايان قىلىش شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. ئەسلى ئەسەرنى، ئەسلى تېكىستنى مەزمۇن جەھەتتىن چۈشەنمەي تۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا سوز-ئىبارىلىرىنى، گىراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپلا تەرجىمە قىلىشمۇ تەرجىمە ئولچىمىگە، تەرجىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

“对于生产的实践，经济建设的实践，用什么来衡量成功和失败呢？”

ئەگەر ئەسلى جۈملىنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتىگە ئوبدان ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ”ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى نىمە بىلەن ئولچەش

كېرەك؟" دەپ تەرجىمە قىلىغان بولاتتۇق. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا "نىسبەتەن" سوزى مەيلى ئىستىمالدا بولسۇن، مەيلى لۇغەت شەرھىسىدە بولسۇن، سېلىشتۇرماق مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. يەنى "سېلىشتۇرغاندا"، "قارىغاندا" دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ. مەسىلەن، "ماڭا نىسبەتەن سەن چاققان"، "بۇلاق سۈيى ئوستەڭ سۈيىگە قارىغاندا سۈزۈك بولىدۇ" ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق مەنىدىن ئالغاندا، يۇقۇرقى تەرجىمىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ "ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن (...... ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا، سېلىشتۇرغاندا)، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى نىمە بىلەن ئولچەش كېرەك؟" دىيىلسە، مەنتىق جەھەتتىن زادى نىمە مەنە كېلىپ چىقىدۇ؟ روشەنكى، ئۇنداق تەرجىمىدىن "ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنىڭ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى نىمە بىلەن ئولچەش كېرەك؟" دىگەن ئېنىق مەنىنى چۈشىنىش قىيىن. يۇقۇرقىدەك چۈشىنىكسىز تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىك خۇسۇسىيىتىنى توغرا چۈشەنمەي، سوزمۇ-سوز يۈزەكى تەرجىمە قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى. تەرجىمىنىڭ مەقسىدى ئەسلى ئەسەرنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمگە ئەسلى ئەسەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئەسلى ئەسەرنى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزى توغرا چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئوز تىلىدا توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

“真理标准问题讨论两年来，我们在思想战线取得了伟大胜利。一个重要标志是：坚持辩证唯物主义的思想路线，已经载入《关于党内政治生活的若干准则》和党章修改草案，成为全党必须遵循的党规党法。”

”ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى مۇزاكىرىگە قويۇلغان ئىككى يىلدىن بۇيان ئىدىيە سېپىدە ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى شۇكى، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمدا چىڭ تۇرىدىغان ئىدىيە لۇشيەنى «پارتىيىنىڭ سىياسى تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان»غا ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە رىئايە قىلىش شەرت بولغان قانۇن-قائىدىگە ئايلاندۇرۇلدى.“

“近两年来，党中央坚持实践标准，逐步制定了马克思主义的思想路线、政治路线和组织路线，这是正确地总结了正反两方面的历史经验的结晶,是一件十分了不起的事情。”

”يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزىمچە ئىدىيە لۇشيەنىنى، سىياسى لۇشيەننى ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى پەيدىن-پەي تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى، تولىمۇ كاتتا ئىش.“

يۇقۇرقى ئىككى مىسالنى بۇنىڭدىن باشقىچە شەكىلدە تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن؛ ئېھتىمال ئومۇمى مەنە يەنە شۇ چۈشەنچىدىن چەتلەپ كەتمەس. لېكىن بىرىنچى مىسالدىكى “真理标准” دىگەن ئىبارە بىلەن ئىككىنچى مىسالدىكى

“实践标准” دىگەن ئىبارە سوزلەرنىڭ گىرامماتىك باغلىنىشى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشاش. ئەجەبا ئۇيغۇر تىلىدا ئالدىنقىسى ”ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان يەردە، كېيىن-كىسى ”ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى“ دەپ تەرجىمە قىلىنماي، نىمە ئۈچۈن ”ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش“ دەپ تەرجىمە قىلىندۇ؟ ”ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى“ دىگەندە، شۇ ئۆلچەمنىڭ نىمە ئىكەن-لىگىدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر نىشاننىڭ بارلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ”ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى“ دىگەن-دىمۇ، شۇ ئۆلچەمنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان بىر نىشان تەلەپ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەسلى تېكىستنىڭ گىرامما-تىك شەكلى بىر بىرىگە ئوخشاش بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن، مەزمۇن جەھەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. “实践标准” دىگەن ئىبارە “以实践为标准” دىگەن ئىبارىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولغاچقا، مەنە جەھەتتىن “真理标准” دىگەن ئىبارىنىڭ مەنى-سىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلىگىلا بېرىلىپ، ”ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى“ دەپ تەرجىمە قىلىنسا، مەنە تامامەن بۇرمىلانغان بولىدۇ.

دىمەك، ئەسلى ئەسەرنى، ئۇنىڭ جۈملىلىرىدىكى گىرامما-تىك مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئوبدان باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەسلى ئەسەرنى ئومۇمى مەزمۇنى، يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقە-ھادىسىلەر، ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەر قاتارلىق جەھەتتىن ئوب-

دان ئۆزلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، كونكرېت جۈملىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئايرىم سۆز ئىبارىلىرى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى، جۈملىدىكى مەنتىقىي ئۇرغۇ قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. بۇ تەرجىمان ئۈچۈن ئەقەللىي ساۋات. تەرجىماننى مەلۇم مەنىدىن ئەرتىسكە ئوخشىتىش مۇمكىن. ماھىر ئەرتىس ئۆزى ئويناپ چىقىدىغان رولنى ئالدى بىلەن پىششىق تەتقىق قىلىدۇ، شۇ رولنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىكى بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى — رەڭگى-روھىنى، قاش-كىرپىكلىرىنى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى، بېشىدىن ئايىغىغىچە كىيىنىشلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن تاشقىرى، روھىي دۇنياسىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەنىۋى پائالىيەتلىرىدىن چىرايىدا، گەپ-سۆزىدە، ھەرىكىتىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان نازۇك كۆرۈنۈشلىرىنىمۇ ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ تاماشىچىلار نەزىرىدە مەلۇم بىر ئەرتىس شەكلىدە ئەمەس، ئەسەردىكى مەلۇم بىر پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تەرجىمىدە ئەگەر پەقەت ئەسلى ئەسەرنى شەكلەن قاراش بىلەنلا سۆزگە سۆزنى ئۆلۈك توغرىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولسا، ئۇنى چىن مەنىدىكى تەرجىمە ھېساپلاش قىيىن.

“物质生产有它的目的，精神生产也有它的目的。怎样衡量文艺实践的成败，也要看目的是什么。资本家把艺术当商品，只要能赚钱的就是好的。我们社会主义国家就不能单纯用票房价值来评判一出戏、一部电影、一首歌的好坏，而

应该主要看社效果。票房价值不能完全不要，但票房价值高的未必都是社会效果好的。”

”ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى بولىدۇ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭمۇ مەقسىدى بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمگىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنى ياكى مەغلۇبىيەتنى ئۆلچەشتىمۇ شۇ ئەمگىكىنىڭ مەقسىدىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. كاپىتالىستلار سەنئەتنى تاۋار قاتارىدا كۆرىدۇ، پۇل تېپىپ بېرەلىگىنىنىلا ياخشى دەيدۇ. بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بىرەر تىياتىر، بىرەر كىنو، بىرەر ناخشىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بېلەت كاسسىسىنىڭ كىرىمى بىلەنلا ھۆكۈم قىلمايمىز، ئاساسەن ئىجتىمائى ئۈنۈمىگە قارايمىز. بېلەت كاسسىسىنىڭ كىرىمىنى پۈتۈنلەي ئېتىۋارسىز قالدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، لېكىن بېلەت كاسسىسى كىرىمى كۆپ بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىجتىمائى ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.“ بۇ مىسالدىكى ”价值“ سۆزى لۇغەت شەرھى بويىچە ”قىممەت“ دىگەن سۆز. ئەگەردە لۇغەت شەرھى بويىچە ”قىممەت“ دەپ ئېلىنسا، ئۇ ھالدا ”票房价值“ سۆزىنى ”بېلەت كاسسىسىنىڭ قىممىتى“ ياكى ”بېلەت سېتىش ئورنىنىڭ قىممىتى“ ۋە ياكى ”بېلەت ساتىدىغان ئۆينىڭ قىممىتى“ دىيىشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئۇ چاغدا مەنە پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ، ”بېلەت ساتىدىغان ئۆينىڭ باھاسى“، ”نەرقى“ بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. ئەلۋەتتە، ”价值 (قىممەت)“ سۆزى سىياسى ئىقتىساتتىكى مۇقىم ئاتالغۇ.

خاس ئاتالغۇلاردا بىرلىكنى ساقلاش پىرىنسىپىغا رىئايە قىلىش زورۇر. لېكىن مەنىنىڭ بۇرمىلىنىشىدىن، چۈشەنچىنى خاتالاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۆز تاللاپ، مەنىنى توغرا بېرىش ئۈچۈن، ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىغا مۇراجەت قىلىش ھەم مۇمكىن. ئۇنداق قىلمىغاندا، سىياسىي جاۋاپكارسىزلىق سەۋەنلىكىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىش بىلەن تەرجىمىدە توغرا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىنكى ئىككى باسقۇچنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ جەريانىڭ ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش باسقۇچى، كوپ ھاللاردا، تەرجىمە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش باسقۇچى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ؛ ئىپادىلەش جەريانىدا چۈشىنىش باسقۇچىنىڭ ئامىللىرى بولىدۇ ۋە چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ، دېمەك ئىككى باسقۇچ گىرەلىشىپ كېتىدۇ.

پەن-تېخنىكىغا دائىر ماقالا، ماتېرىيال ياكى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن تەرجىمان، ئەگەر شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىسا، تەرجىمە قىلىنىدىغان ماتېرىيال ياكى ئەسەرنى چۈشىنىشنىڭ نەقەدەر زورۇر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ؛ تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىن، مەخسۇس تېرمىن-ئاتالغۇلار توغرىسىدا بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان ھېس قىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمان بىرەر مەخسۇس ساھەدىكى كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى، شۇ

جەرياندىكى مۇناسىۋەتلەرنى، كونكرېت مەشغۇلاتلارنى، كونكرېت شەيئىلەرنى، ھېچ بولمىغاندا ئەسلى تېكىست نۇقتىسىدىن بولغان تەقدىردىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىسە، ئۇنى توغرا تەرجىمە قىلىپ بېرىشى ناتايىن. بۇ ئەھۋال ئەسلى ئەسەرنى مەزمۇنى جەھەتتىن پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەرجىمىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىملەردە ئەسلى ئەسەرنى تەرجىمىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق بىرلا ئاددىي پاكىت بىلەنمۇ ئىسپاتلاپ بېرىش مۇمكىن: بەزى ئەسەرلەرنىڭ جۈملىلىرىنىڭ پۈتۈن خەۋەرلىرى "قىلىپتۇ"، "ئېتىپتۇ"، "دەپتۇ" ياكى "بولغان ئىكەن"، "قىلغان ئىكەن" دېگەندەك شەكىلدە كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا، گىراماتىك خۇسۇسىيەتلەردىن ئالغاندا، خۇددى "ئىسىم" بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزىدە بىرلىك، كوپلۇك ياكى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بولمايى، ئايرىم ياردەمچىلەر ۋاستىسى بىلەن كەلگىنىگە ئوخشاش، پېئىلنىڭ ئۆزىدىمۇ ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ياكى كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدىغان ئۇلانمىلار بولمىغاچقا، يۇقۇرقىدەك "بار ئىكەن"، "بولغانمىش"، "ئېتىپتۇ"، "دەپتۇ" دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ھەر بىر كونكرېت جۈملىدىن، شۇ جۈملىدىكى كونكرېت سۆزلەردىن تېپىش قىيىن. ۋاھالەنكى خەنزۇ تىلىدىكى «چوچەك»، «جەڭنامە» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەر ئىسىملىرىدىن ياكى ئايرىم باپلارنىڭ بېشىدىلا

بىرىلگەن ”话说“، ”传说“ دىگەنــگە ئوخــشاش سوزلەردىنلا پۈتۈن ئەسەرنىڭ زامانىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بەزىبىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشىدە ”تىلى ئۆيـ-غۇرچە بولماپتۇ“، ”مەنتىقىسى قاملاشماپتۇ“، ”ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلى شۇنداق تاققا-تۇققۇ بولــسا كېرەك“ ياكى ”ئۇ مىللەتنىڭ تىلى شۇنداق قوپال بولسا كېرەك“ دىگەن تەسىراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى، تېگى-تەكتىــدىن ئالغانــدا، تەرجىمانــنىڭ ئەســلى ئەسەرنىڭ تىل قائىدىسىنى، تىل ئادىتىنى ئوبدان چۈشەنمەي، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان مەزمۇننى ئوز تىلىــنىڭ ئادىتى بويىچە راۋانلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرمەي، ئولۇك هالدا سوزگە سوزنى توغرىلاپلا، تەرجىمە قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان يامان تەسىـ-رات دىمەي مۇمــكىن ئەمەس. بۇ جەهەتــتە بىر بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى تۇرلۇك خاهىشنى ئۇچرىتىمىز. بەزىلەر: تەرجىمىدىن مەنە ئېنىق ئۇقۇلسا، ئوقۇغانــدا سوزلىرى ئېغىزغا راۋان چۈشۈپ بەرسە، ئۇنى ياخــشى تەرجــىمە هــساپلايــمىز دەيدۇ. ئەلۋەتتە شۇنــداق بولۇشى كېرەك. يەنە بەزىلەر: بىز-نىڭ ئالدىمىزدا ئەسلى ئەسەرنىڭ جۈملە شەكلى، سوزلىرىــنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش بەلگىــلىرى، ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇســيەتلىرى بىرمۇ-بىر گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك، يەنى ئەســلى ئەسەرگە شەكىل جەهەتتىــنمۇ سادىــق بولۇش كېرەك، دەيــدۇ. دىمەك، بىرىنچى خىل خاهىشتىكىلەر ئەســلى ئەسەرنى مەزمۇن جەهەتـ-تىن دەل توغرا ئىپادىلەپ بېرىشنى تەكىتلىسە، ئىككىنچى خىل

خاھىشتىكىلەر شەكىل جەھەتتىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

“县委根据这个社员的来信，立即组织了调查组，深入公社进行调查，弄清真相，得出了正确结论，认为这个社员的问题实属错案。后来县委领导同志亲自去这个公社，帮助公社纠正了错误。

ئىككىنچى خاھىش بويىچە تەرجىمە قىلىپ كۆرەيلى:

”ناھىيىلىك كومىتېت بۇ كۆكشىي ئەزاسىنىڭ خېتىگە ئاساسەن دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆكشېغا چوڭقۇر چوكۇپ تەكشۈردى، ئەينى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ توغرا خۇلاسە چىقاردى، بۇ ئەزانىڭ مەسىلىسىنى ھەقىقەتەن خاتا ئەنزە دەپ قارىدى. كېيىن ناھىيىلىك كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداش بۇ كۆكشېغا بىۋاسىتە بېرىپ، كۆكشېغا ياردەم بېرىپ خاتالىقنى تۈزەتتى.“

بۇ، سۆزمۇ-سۆز ئالغاندا ئەسلى تېكىستكە تامامەن ئۇيغۇن، جۈملىنىڭ گىراماتىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ سۆزلەر راۋان. بۇ تەرجىمىنى ئەسلىگە سادىق تەرجىمە دەپ ھىساپلاش مۇمكىنمۇ؟ ياق، بۇ ”تەرجىمە“ دىگەن سۆزنىڭ ماھىيىتىگە، تەرجىمە ئۆلچىمىگە خىلاپ. بۇ مىسالنى ئىخچاملاپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

”ناھىيىلىك كومىتېت...... تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆكشېغا چوڭقۇر چوكۇپ تەكشۈردى،...... توغرا خۇلاسە چىقاردى،... خاتا ئەنزە دەپ قارىدى.“

بۇ گەپچە، بىرىنچىدىن، ”ناھىيىلىك كومىتېت“نىڭ ئۆزى گۇڭشىغا بىرىپ ”تەكشۈردى“مۇ؟ ئىككىنچىدىن، ئۇنداق بولسا، ”ناھىيىلىك كومىتېت“ ئۇيۇشتۇرغان ”تەكشۈرۈش گۇرۇپپە-سى“نىڭ رولى نىمە بولدى؟ ئۈچىنچىدىن ئەھۋالنى ”ناھىيىلىك كومىتېت“ ئېنىقلاپ چىقتىمۇ؟ تۆتىنچىدىن، ئاۋال ”توغرا خۇلاسە چىقاردى“، ئاندىن كېيىن ”خاتا ئەنزە دەپ قارىدى“مۇ؟ بەشىنچىدىن، ”ناھىيىلىك كومىتېت“ گۇڭشىغا ”چوڭقۇر چوكۇپ تەكشۈرگەن“ تۇرسا، يەنى گۇڭشىغا بارغان تۇرسا، ”كېيىن..... رەھبىرىي يولداش“نىڭ ”بىۋاستە“ بارغانلىقىنى قانداق چۈشە-نىش كېرەك؟ ئالتىنچىدىن، ”خاتالىقىنى“ رەھبىرىي يولداش ”تۈزەتتى“مۇ ياكى رەھبىرىي يولداش گۇڭشىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ياردەم بەردىمۇ؟......

بۇ سوئاللار تاسادىپىي چىقىرىلغان سوئال ئەمەس، تەرجى-مىدىن ئۇقۇلۇۋاتقان مەنىلەرگە ئاساسەن مەنتىقىي يوسۇندا چىق-قان سوئال. ئەسلى تېكىستىنىڭ سوزلىرىگە، سوزلەرنىڭ گىراما-ماتىك باغلىنىشلىرىغا، جۈملىدىكى ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا دەلمۇ-دەل توغرا ئىشلەنگەن تەرجىمە، شەكلەن قارىغاندا پۈتۈنلەي سادىق بولۇپ تۇرغان تەرجىمە نىمە ئۈچۈن توغرا بولماي، شۇنچە سوئاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ گەپ شۇ يەردىكى، ئالدى بىلەن، تەرجىمان ئەسلى تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمىگەن؛ ئاندىن قالسا، ئەسلى مەز-مۇنىنى ئۆزلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، شۇ مەزمۇن خەنزۇ تىلى

قائىدىسى بويىچە شۇنداق شەكىلدە بايان قىلىنىدىغانلىقىنى، يەنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتىنى ئىلمىي ئاساستا پىششىقلىمىغەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئۆزلەشتۈرگەن مەزمۇننى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ تەرجىمىنى "ئەسلىگە سادىق" يوسۇندا ئىشلەيمەن دېگەن ئارزۇسىنىڭ تەتۈرىسىچە ئۇنۇم پەيدا بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان. دۇرۇس، شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ شەكلى شۇنداق تۈزۈلگەن، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ شۇ شەكىلگە ئۇيغۇن. لېكىن شۇ شەكىل بىلەن بايان قىلىنغان مەنە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكىگە ئوخشاش مەنىتىقسىزمۇ؟ ياق. خەنزۇچىسىدا "ناھىيىلىك كومىتېت بۇ گۇڭشې ئەزاسىنىڭ خېتىگە ئاساسەن دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ گۇڭشېغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، ئۇ گۇرۇپپا ئەينى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، بۇ گۇڭشې ئەزاسىنىڭ مەسىلىسى ھەققەتەن خاتا ئەنزىگە ياتىدىكەن دېگەن توغرا خۇلاسىنى چىقاردى. كېيىن ناھىيىلىك كومىتېتنىكى رەھبىرىي يولداش شۇ گۇڭشېغا بېرىپ، گۇڭشېنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ياردەملەشتى" دېمەكچى. (كېيىنكى جۈملىنىڭ ئاخىرىنى "رەھبىرىي يولداش شۇ گۇڭشېغا بېرىپ، خاتالىقنى تۈزىتىشىپ بەردى" دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن). كېيىنكى تەرجىمىدە قارىماققا ئايرىم سۆزلەر تاشلىنىپ قالغان، ئايرىم سۆزلەر قوشۇلغان، ئايرىم سۆزلەر ئۆزگەرتىلگەن، ئايرىم ئىبارىلەرنىڭ

ئورنى ئالماشتۇرۇلغان بولسمۇ، لېكىن بۇنىڭدا بىرىنچى تەرجە-مىدىكىگە ئوخشاش سوئاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئورۇن قالمىغان.

دېمەك، تەرجىمىگە كىرىشكەندە، تەرجىمە ئەمەلىيىتى جەر-يانىنىڭ ئالدىنقى زورۇر شەرتىنى ئوبدان ئورۇنلاپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، مەنىسىنى، پىكرىنى ئوزىگە خاس گىراما-ماتىك شەكىل بىلەن خۇددى ئوز پىكرىنى ئېنىق بىلگەندەك ئوبدان ئوزلەشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى زورۇر شەرتىنى، يەنى ئىپادىلەش باسقۇچىنى ئورۇنلاشتا ئەسلى ئەسەرنىڭ جۇملە شەكىللىرى، گىراماتىك خۇسۇسىيەتلىرى چەكلىمىسىدىن ئازات بولۇپ، زورۇرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئوتۇپ، مەقسەتنى كوڭۇلدىكىدەك ئەينەن ۋە راۋان ئەكس ئەتتۇرگىلى بولىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، مەلۇم بىر پىكىرنى بايان قىلىشتا ئۇنىڭغا ۋاستىچى بولغان سىنتاكسىس مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. ۋاھالەنكى، ئەسلى ئەسەردىكى مەقسەتنى ئوزىنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە دەلمۇ-دەل توغرىلانغان هالدا تەرجىمە تىلى بىلەن كوچۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە تولۇق، توغرا ۋە ئېنىق ھەم راۋان بايان قىلىپ بېرىش كوپ ھاللاردا ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇگەنچى تەرجىمانلارنىڭ قەلەمنى قولغا ئېلىش بىلەنلا ئەسلى جۇملىنى باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ كورمەي، ئوزلەشتۇر-مەيلا، خۇددى ئۇيغۇرچىغا كوچۇرگەندەك، خەنزۇچە

جۇملىنى بېشىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشنىڭ، ئاخىر جۇملىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ جاپا چېكىشىنىڭ ياكى "سوزمۇ-سوز سېلىشتۇرغاندا ئەسلىگە سادىق بولۇپ چىقىسىلا بولىدى" دەپ تەرجىمە تىلىنى قوپاللاشتۇرۇشقا سەۋەپچى بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، تەجرىبىلىك تەرجىمانلارنىڭ ئاۋال پۈتۈن ئەسەر ۋە ھەر بىر جۇملىنى باشتىن-ئاياق چۈشىنىپ، ئاندىن كېيىن شۇ چۈشەنچىنى ئۆز تىلىنىڭ ئادىتى، گىراماتىكىلىق شەكلىگە ئەركىن چۈشۈرۈپ، مەنىنى راۋان ھەم ئېنىق ئىپادىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس.

# تىل ئادىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك

گېزىتكە بىر پارچە ماقالا تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن ئىكەن. تەرجىمىنى تەكشۈرگەن بىر پىشقەدەم تەھرىرنىڭ شۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قىلغان سۆزلىرى خۇددى هازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە

“我们对于现代化科学技术要进行研究, ……” دېگەن جۈملە ”زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تەھرىر ”تەتقىق قىلىشنى نەگە ئېلىپ بارماقچى؟ بۇ جۈملە تەركىۋىدىكى سۆز-لەرنىڭ ئۇيغۇرچە سۆز ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن پۈتۈن جۈملە ئېتىۋارى بىلەن ئېيتقاندا، مەنتىققە سىغمايدۇ“ دېدى. مەن دەرھال ”زامانىۋى پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرى-شىمىز كېرەك“ دېگەن لايىھىنى قويدۇم. تەھرىر يەنە ”مەن-تىققە سىغمايدۇ“ دېدى. مەن ئۆز لايىھەمنى ”توغرا“غا چىقى-رىش ئۈچۈن بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈردۈم. مەسىلەن:

“把斗争进行到底” (كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى)،
“要对群众进行教育” (ئاممىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك)،
“紧跟党中央进行新的长征” (پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا

يېقىندىن ئەگىشىپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك)“ ، 宴会在热烈的气氛中进行” (زىياپەت قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى)“ ۋە باشقىلار. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، مەن بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈشتە ”ئۇيغۇر تىلىغا ئىلگىرىدىن سىڭىپ كەتكەن تىل ئادىتى“ دېگەن ئاساس بىلەن ”توغرا“لىغىنى دەلىللىمەكچى ئىدىم. ۋاھالەنكى، كۆتۈلمىگەن يەردە، تەھرىر: بۇنداق تەرجىمە قىلىش خۇددى كوپۇكنى سۇ قاتارىدا ئىچكەن ئادەمنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمىغىنىدەك، ئادەتكە خىلاپ، بۇنداق تەرجىمە ئىستىلىنى تۈزىتىش كېرەك، دېدى.

ئەنە شۇنداق تەجرىبىلىك تەرجىمان-تەھرىرلەرنىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىن مەلۇمكى، بەزى بىرىككەن سوزلەرنىڭ خەنزۇچىدىكى قېلىپلاشقان شەكلى بىر بىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان سوزلەر بىلەن بىرىككەن ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىسمۇ، ئۇلارنى ئۇيغۇرچىدا يەنە شۇ ھالەتتە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. بىز ھازىرچە ئۇزىگە خاس قانۇنىيىتىنى يېشىپ ئوتتۇشنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاتالمىش ”سىڭىپ كەتكەن تىل ئادىتى“ بويىچە مىسال ئېلىپ كورەيلى:

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش — 进行研究

تەربىيە ئېلىپ بېرىش — 进行教育

ئۇزۇن سەپەر(نى) ئېلىپ بېرىش — 进行长征

چەكلەش ئېلىپ بېرىش — 进行抵制

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش 进行改革
رەددىيە ئېلىپ بېرىش 进行驳斥
ۋاھاكازا، ۋاھاكازا.

بۇ مىساللاردىن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىرىككەن سوز-لەرنىڭ خەنزۇچىدىكى قېلىپلاشقان شەكلى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش قېلىپتا ئەكس ئەتكەن. لېكىن "تەرجىمە تىلى" نۇقتىسىدىن ئەمەس، جانلىق ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن، مەن-تىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىن بولۇپمۇ "توغرا، ئېنىق، سادىقلىق بىلەن تەرجىمە قىلىش كېرەك" دېگەن قائىدىدىن قارايدىغان بولساق، خەنزۇچىدىكى بۇ قېلىپ شۇ تەق-لىتتىكى بىرىككەن سوزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش توغرا كەلگەن بىلەن، ئۇيغۇرچىدا، كوپ ھاللاردا، ئۇنداق توغرا كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: "进行劳动" دېگەن سوزنى "ئەمگەك (نى) ئېلىپ بېرىش" دەپ، "进行慰问" دېگەن سوزنى "ھال سوراش (نى) ئېلىپ بېرىش" دەپ، "进行揭发" دېگەن سوزنى "پاش قىلىش (نى) ئېلىپ بېرىش" دەپ تەر-جىمە قىلساق، كەم-كوتىسىز كۇلكىلىك "تەرجىمە تىلى" بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ بۇنىڭغا توغرا جاۋاپ تېپىش ئۇچۇن، ئالدى بىلەن "قانۇنىيەت"كە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جۇملىدە تولۇق مەنە ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي

پېئىللار[1] بولىدۇ. مەسىلەن، "ئىشچىلار يىغىلدى"، "تەرجىمەڭنى تۈزەتتىم" دېگەن جۈملىلەردىكى "يىغىلدى"، "تۈزەتتىم" سۆزلىرى.

جۈملىدە ئاساسىي پېئىللارغا باغلىنىپ تۇرۇپ قوشۇمچە مەنە بېرىدىغان ياردەمچى پېئىللارمۇ[2] بولىدۇ. مەسىلەن، "ئىشچىلار يىغىلىپ قالدى"، "تەرجىمەڭنى تۈزىتىپ قويدۇم" دېگەن جۈملىلەردىكى "قالدى"، "قويدۇم" سۆزلىرى.

ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسىي پېئىللارنىڭمۇ، ياردەمچى پېئىللارنىڭمۇ تۇراقلاشقان قېلىپى ھەرقانداق شارائىتتا ھەرقانداق سۆزگە چۈشۈۋېرىدۇ. مەسىلەن:

| ئاساسىي پېئىل | ياردەمچى پېئىل |
| --- | --- |
| يازدىم | يېزىپ بولدۇم |
| ئوقۇدۇم | ئوقۇپ چىقتىم |
| ئېچىلدى | ئېچىلىپ قالدى |
| ئىشلىدى | ئىش قىلدى |
| چەكلىدى...... | چەكلەپ قويدى...... |

خۇددى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىكىگە ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىدىمۇ شۇنداق قائىدە بار. خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىدىمۇ پېئىل بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. سېلىش-

---

① بۇ ئاتالغۇ پەقەت تەرجىمە نۇقتىسىدىنلا قويۇلدى. — تەھرىر.

② بۇ ئاتالغۇ پەقەت تەرجىمە نۇقتىسىدىنلا قويۇلدى. — تەھرىر.

تۈرۈش ئېتىۋارى بىلەن بۇ يەردە پەقەت ئىككى تۈركۈمى ئۈستىدىلا توختىلىمىز:

看，学习，指导，改革，生产，调查，有，爱，恨……

خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئەنە شۇ مىساللارغا ئوخشاش، ئومۇمەن ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، پائالىيىتىنى، ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر پېئىل تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

پېئىلنىڭ يەنە بىر تۈركۈمى ياردەمچى پېئىل. مەسىلەن:

能够，会，可以，应该，需要，必须，要，敢，来，去，进，起，出，是……

بۇنداق ياردەمچى پېئىللارمۇ، ئومۇمەن جەھەتتىن ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ پائالىيىتىنى، ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئاساسىي پېئىلغا ياندىشىپ ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا، شېئىردىكى پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياردەمچى پېئىللار ئاساسىي (تۈپ) پېئىلغا ئارقىدىن باغلىنىپ كەلسە، خەنزۇ تىلىدا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپ ھاللاردا ئاساسىي (تۈپ) پېئىلنىڭ ئالدىغا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، “能够解决” “应该谦虚” “进行学习” ……”. تەبىئىكى، تەرجىمىدە ”مۇمكىن ھەل قىلىش“، ”كېرەك كەمتەر بولۇش“، ”ئېلىپ بېرىش ئۆگىنىشنى“ ۋاھاكازا دەيدىغان شەكىلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى بويىچە تەرجىمە قىلىش ھەممىگە ئايان ساۋات. دېمەك، خەنزۇ تىلىدىكى پېئىل بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل

بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، بۇ قانۇنىيەت خۇددى خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ فورمۇلىسىغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇقىم فورمۇلا شەكلىنى ئالالايدۇ ۋە مۇتلەق كوپ شارائىتتا بىر خىل تەقلىتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئوتۇش زورۇركى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى تەرجىملەردە خەنزۇ تىلىنىڭ "ياردەمچى پېئىل + ئاساسىي پېئىل" فورمۇلىسى "ئاساسىي پېئىل + ياردەمچى پېئىل" فورمۇلىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنسا، بەزىدە خەنزۇچە مەنىدىن، مەنتىقىدىن قەتئىي نەزەر، "تولدۇرغۇچى + پېئىل ياكى ياردەمچى پېئىل" فورمۇلىسىغا سېلىنغان. نەتىجىدە ئوخشاش بىر قېلىپتىن چىققان ئوتۇكىنىڭ بىرى ئەرەنچە، يەنە بىرى زەيپانە بولۇپ قالغاندەك غەلىتە بىر ھادىسە يۈز بەرگەن.

"进行调查"，"进行改造"，"进行慰问"，"进行劳动" دىگەن سوزلەرنىڭ بىرىكىش فورمۇلىلىرى ئوخشاش: باشتا ياردەمچى پېئىل،ئاخىرىدا ئاساسىي پېئىل كەلگەن. ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ باشتا ئاساسىي پېئىل، ئاخىرىدا ياردەمچى پېئىل كېلىدىغان فورمۇلىسى بويىچە زوردىن-زورغا ياساپ "تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش"①، "ئوزگەرتىش ئېلىپ بېرىش" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئاساسىي جەھەتتىن بولىدىغاندەك تۇر-

① سېلىشتۇرۇش ئېتىۋارى بىلەن بۇ يەردە ياردەمچى پېئىللا مەستەر ھالىتىدە ئېلىندى. — ئاپتوردىن.

سىمۇ. لېكىن "ھال سوراش ئېلىپ بېرىش"، "ئەمگەك ئېلىپ بېرىش" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىنى ئاشكارا بۇزغان بولىمىز. بۇنىڭدا، مىقدارى ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولغان خىسرىتىنىڭ بىرى قېلىپقا چۈشكەن بولسا، يەنە بىرى خۇددى شۇ قېلىپقا چۈشمىگەن بولىدۇ. زىددىيەت نەدە؟

خەنزۇ تىلىدا، خۇددى يۇقۇرىدا قىسقىچە تىزىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياردەمچى پېئىللارنىڭ تۈرى كۆپ، ھەر بىر تۈرىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مىقدارىمۇ سان-ساناقسىز. خەنزۇ تىلىدا گايىدا ئاساسىي پېئىل مۇستەقىل ھالەتتە كەلسە، كۆپ ھاللاردا، ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرلىشىپ كېلىدۇ. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللاردىن باشقا، مۇنداق مىساللارنىمۇ كەلتۈرۈش مۇمكىن:

| ياردەمچى پېئىللىق ھالىتى | ئاساسىي پېئىللىق ھالىتى |
|---|---|
| 加以利用 | 利用 |
| 促进发展 | 发展 |
| 给予帮助 | 帮助 |
| 予以协助 | 协助 |
| 实现现代化 | 现代化 |
| 遭到失败 | 失败 |
| 获得胜利 | 胜利 |
| 得以进展 | 进展 |

خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسى بويىچە پۈتۈنلەي ”پېئىل①“ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان مۇشۇنداق سۆزلەر ۋە بىرىككەن سۆزلەر بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە ”پېئىل“ كاتېگورىيىسىدىن چەتلەپ، ”تولدۇرغۇچى“ بىلەن ”پېئىل“نىڭ قوشۇلمىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ھادىسىلەر ئاز ئەمەس. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەنىنىڭ ساغلام بولالماسلىقى روشەن.

“只有安定团结,才能促进社会主义建设的飞跃发展。”

1. ”تېچ-ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.“

2. ”تېچ-ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.“

بىرىنچى خىل تەرجىمىدە ”تەرەققىيات“ سۆزى ”تولدۇرغۇچى“ بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ”ئۇچقاندەك“ كېتىۋاتقان ”تەرەققىيات“نى ”ئىلگىرى سۈرۈش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە گەپ ”قۇرۇلۇش“نىڭ ”ئۇچقاندەك“ كېتىۋاتقان ياكى كەتمەيۋاتقانلىقى ئۈستىدە ئەمەس، ”قۇرۇلۇشنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش“ ئۈستىدە بارىدۇ. دېمەك، تولدۇرغۇچى ”تەرەققىيات“ سۆزى ئەمەس، ئەكسىچە ”قۇرۇلۇش“ سۆزى.

① بۇ يەردە گەپ ئاساسەن ”خەۋەر“ رولىنى ئۆتەيدىغان ”پېئىل“ ئۈستىدە بارىدۇ. — ئاپتوردىن.

“发现问题要及时进行研究” دېگەن جۈملىنى ”مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ”مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا تەتقىق قىلىش لازىم“ دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولىدۇ.

“实现四个现代化” دېگەن ئىبارە كۆپ ھاللاردا ”4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش“ دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق تەرجىمىدە خەنزۇ تىلى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان بىرىكىش قانۇنىيەتلىرىنىڭ توغرا ئىپادىلەپ بېرىلمىگەنلىكىگە تۇرغان گەپ، ئۇ مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن مۇجمەل، چۈنكى ”زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش“ دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ”زامانىۋىلاشتۇرۇش“ دېگەنلىك بولىدۇ، يۇقۇرقى تەرجىمىدە بۇ ئۇقۇم ئىستىلىستىكا جەھەتتىن خام ئىپادىلەنگەن.

ھازىرقى تەرجىمىلىرىمىزدە گىراماتىكا قائىدىسىگە سىغمايدىغان، مەنتىقىي ئۇقۇمنى مۇجمەللەشتۈرىدىغان، تىل ئادىتىنى زورمۇ-زور بۇزىدىغان ئاشۇنداق ھادىسىلەر خېلى كۆپ. ئەمەلىيەتتە سۆزنىڭ كۆپۈكىنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچى سۇ دەپ مەتبۇئات ئېتىزىمىزنى كۆپۈك بىلەن تولدۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. خەنزۇ تىلىدىكى يىگانە ”پېئىل“ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان بىرىكمە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ”تولدۇرغۇچى ئىسىم ياكى مەستەر + پېئىل“ دېگەندەك غەيرى تەبىي شاخلاپ كېتىشى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەنزۇچىنىڭ ئەكسىچە، ياردەمچى

پېيللارنىڭ "يارده مچىلىك" ئورۇندىن "ئاساسىي" ئورۇنغا ئۆتۈپ كېتىشى تەرجىمە ئەمەلىيىتىمىزنى ئىلمىي يوسۇندا يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قانۇنىيەتنى تېپىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقۇرىدا جۈملە تەركىۋىدە "خەۋەر" بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان پېيىل ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق ۋە تەرجىمە جەھەتتىكى سىپىلشتۇرۇش زورۇرىيىتى بىلەن "پېيىل"نى پۈتۈن بىر كاتېگورىيە قىلىپمۇ تىلغا ئالدۇق. بۇ جەھەتتە يەنە بىرئاز تەپسىلىرەك توختىلىپ ئۆتۈش توغرا كەلسە كېرەك.

پېيىل جۈملىدە، مەيلى خەنزۇچىدا بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرچىدا بولسۇن، ئاساسەن ۋە تولا چاغلاردا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ئاددى ساۋات. بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختىلىپ ئۆتۈشنىڭ زورۇرىيىتى يوق.

لېكىن پېيىلنىڭ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىشى شەرتلىك بولىدۇ. بۇ شەرتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرى جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىنىڭ ھوكۇم بولۇپ كېلىشى. مەسىلەن:

"破，就是批判，就是革命。"

"بۇزۇش — پېپەن قىلىش، ئىنقىلاپ." ياكى "بۇزماق — پېپەن قىلماق، ئىنقىلاپ قىلماق." ۋە ياكى "بۇزۇپ تاشلاش — پېپەن قىلىش، ئىنقىلاپ قىلىش دىمەكتۇر."

پېيىلنىڭ جۈملىدە ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلىش دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ شەرتى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش. خۇددى خەنزۇچىدىكى

”破“ سوزىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرچىدىكى ”بۇزۇش“، ”بۇز-ماق“، ”بۇزۇپ تاشلاش“ دېگەن سوزلەرمۇ پېئىل سۇپىتىدە جۇملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋە بۇ ئىگىنىڭ خەۋەر قىسمى ھوكۇم بولۇپ كەلگەن.

پېئىلنىڭ جۇملىدە ئىگە بولۇپ كېلىشى ئۇچۇن يەنە بىر شەرت شۇكى، جۇملىنىڭ خەۋىرى سۇپەتتىن تۈزۈلگەن بولۇشى كېرەك. بۇ شەرت ئۇيغۇرچىدىمۇ ھەم شۇنداق. مەسىلەن:

“对于这一问题，进行讨论很必要。”

”بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ناھايىتى زورۇر.“

ئۇچىنچى شەرت — جۇملىنىڭ خەۋىرىمۇ پېئىلدىن ياسالغان سوز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مۇزاكىرە باشلاندى. | 讨论开始了。 |
| سوھبەت ئاخىرلاشتى. | 会谈结束了。 |
| جەڭ بولۇۋاتىدۇ ياكى جەڭ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. | 战斗在进行。 |

يۇقۇرقى 3 مىسالدا “讨论” , “会谈” , “战斗” سوزلىرى خەنزۇچە قائىدىسى بويىچە پېئىل بولۇپ، ”مۇزاكىرە قىلىش“، ”سوھبەتلىشىش“، ”جەڭ قىلىش“ دېگەن تەقلىتتە رول ئوينايدۇ. ۋاھالەنكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ”مۇزاكىرە“، ”سوھ-بەت“، ”جەڭ“ سوزلىرى ئىسىم ھالىتىنى ئالغان. دېمەك، پېئىل جۇملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەندە، خەنزۇچىدا پېئىل ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا بەزىدە

پېئىل ھالىتىنى ساقلىيالمايدۇ. دۇرۇس، ”مۇزاكىرىلىشىش باشلاندى“، ”سوھبەتلىشىش ئاخىرلاشتى“ دېگەن تەقلىتتە ئەسلى تېكىستكە ئوخشاش پېئىل ھالىتىنى ساقلاپ تەرجىمە قىلىش ياكى ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ”مەستەر“ ھالىتىگە كەلتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزىگە خاس ئىستىلىستىكىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۆزلەرنىڭ تۇركۇمىگە، شەكلىگە مەھكەم يېپىشۋېلىپ، تەرجىمىنى قوپاللاشتۇرغاندىن كۆرە، مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە يارىشا تۇرلەندۇرگەن تۇزۇك. ئۇنداق بولمىغاندا، ”战斗在进行“ دېگەن ئىبارىنى ”جەڭ قىلىش بولۇۋاتىدۇ“ ياكى ”جەڭ قىلماق داۋام قىلىنىۋاتىدۇ“ دەپ تىل ئادىتىنى بۇزۇش سەھۋەنلىكى يۇز بېرىشى تۇرغان گەپ. ئېغىر كېسەلدە ياتقان بالىسىنىڭ بېشىدا قايغۇرۇپ ئولتۇرغان ئانىسى بالىنىڭ چۇشكۇرگەنلىكىنى كورۇپ خۇشاللىنىپ: ”بالام چۇشكۇردى!“ دەپ توۋلىسا، خەنزۇ تىلىدا ”孩子打喷嚏了“ دەيدۇ. ”喷嚏“ سۆزى ”چۇشكۇرۇش“، ”چۇشكۇرمەك“ دېگەن پېئىل، بۇ سۆز ”打“ سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە شۇ مەنىنى بىلدۇرىدىغان خەۋەر پېئىللىغىنى ساقلاپ قالغان، يەنى ”چۇشكۇردى“ بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنغاندا، تىل ئادىتى ۋە تىل قائىدىسى جەھەتتىكى بۇ پەرقلەرنى نەزەردە تۇتمىساق، ئۇ ھالدا ئەينەن سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەقەللىسى

”بالا چۈشكۈرۈكنى چۈشكۈردى“ دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە تىل قائىدىسى ۋە تىل ئادىتى جەھەتتىكى پەرقلەرنى سىلىشتۇ-رۇپ كورۇش ئۈچۈنلا شۇنداق مىسالـلار تىلـغا ئېلىنىۋاتـىدۇ. بۇنداق مىساللار ئۇز ۋاقتىدا چەتئەل تىللىرىدىن خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىلەردىمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدىغانلىغىنى مەشھۇر تەرجىمان لۇشۇنمۇ بىرقانـچە قېتـىم تىلـغا ئېلىـپ سوكـكەن. لۇشۇنـنىڭ يېزىشـچە، سوزمۇ-سوز ئولۇك تەرجـىمە قىلىشـقا بېرىلىپ كەتكەن بەزى شەكلىياتچى تەرجىمانـلار ئىنگلىز تىلـدىكى ”دۇمبىـسىنىڭ ئۇستىدە ياتتى“ دىـگەن سوزنىڭ خەنـزۇ تىلىدا ”ئوڭدىسىغا ياتتى“ دىـگەن سوز ئىـكەنلىگىـنى بىلـىپ تۇرسىمۇ، ئىنگلىزچىسىنى زورمۇ-زور، سوزمۇ-سوز تەرجـىمە قىلىپ قوللانغان؛ رۇس تىلىدىـكى ”تىزىمـىنىڭ ئۇستىـدە ئول-تۇردى“ دىگەن سوزنىڭ خەنزۇ تىلىدا ”زوڭ ئولتۇردى“ ياكى ”زوڭزىيىپ ئولـتۇردى“ دىـگەن مەنىدىـكى سوز ئىكەنلىگىـنى بىلىپ تۇرسـىمۇ، رۇسچىـنى سوزمۇ-سوز شەكـلەن تەرجـىمە قىلغان، ھەتتا شۇنداق سوزمۇ-سوز شەكلەن تەرجىمە قىلىـش نەتىجىسىدە گەپتە سوزلەرنى باغلىيالماي، ”ئەنگلىـيە“ دىـگەن سوزنى ”ئەنگىنىڭ ليەسى“ ۋاھـاكازا دەپ تەرجـىمە قىلـغان. شۇنىڭ ئۇچۇن، لۇشۇننىڭ، ھازىرقى بـەزى تەرجىمانلىرىـمىز ھەتتا قەدىمقى زامانلاردىكى ماناخ تەرجىمانلارغىـمۇ يېتىـشەلـ-مەيدۇ، دەپ ئەيىپلىـشى ئەجەپلىنەرلىـك ئەمەس. لۇشۇنـنىڭ

مۇنداق بىر قىممەتلىك سوزى بار: ”تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئېتىۋار بېرىش كېرەك: بىر تەرەپتىن چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى ئەسەرنىڭ تۇرقى-سىياقىنى ساقلاش كېرەك، لېكىن بۇنداق ساقلاش كوپ هاللاردا چۈشىنىشلىك قىلىش بىلەن زىت بولۇپ قالىدۇ؛ يات كورۇنۇپ قالىدۇ..... ئۇنى يات كورۇنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوزگەرتىش مۇمكىن، لېكىن بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويماسلىق، كوزلىرىنى ئويۇپ كور قىلىپ قويماسلىق كېرەك.“ لۇشۇننىڭ تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كورسىتىپ بەرگەن ئولچەملىرى، يارىتىپ بەرگەن ئۈلگىلىرى بىز تەرجىمانلار ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەر، ئەسلى جۈملىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوزگەرتىش مۇمكىن، قاش-كوزىگە، ئېغىز-بۇرنىغا تەگمەسلىك كېرەك دىگەن ئوبرازلىق سوز مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىككى تىلنىڭ قائىدىسىگە ۋە ئادىتىگە توغرا مۇئامىلىدە بولۇش زورۇرلۇگىنى دىيالېكتىك يوسۇندا چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ قائىدە بىز هازىر توختىلىۋاتقان مەسىلىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، يەنە مەسىلىنى كونكىرىتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، هازىرمۇ بەزى تەرجىمانلىرىمىز خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق پەرقلەرگە، تىل ئادىتىدىكى پەرقلەرگە ئېتىۋار قىلمايدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، جانلىق تىلدا ئوزى بىۋاستە سوزلىسە، ”خاتىرجەم بولدۇم“، ”خوشال

بولدۇم»، «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ»، «چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلدۇق» ۋاھاكازا دەيدۇ-يۇ، لېكىن دەل شۇ سوزلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىش توغرا كەلسە، «خاتىرجەملىك ھىس قىلدىم»، «خوشاللىق ھىس قىلدىم»، «بېشىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم»، «چوڭقۇر تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردۇق» ۋاھاكازا دەيدۇ. بۇنداق ھادىسە ۋە خاھىشلار كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدۇ. تەرجىمە خىزمىتى تولىمۇ زور ئەھمىيەتلىك خىزمەت، شۇنىڭ بىلەن بىللە جاپا چەكمىگىچە قىممىتىگە يەتكۈزمەك تەس خىزمەت، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىجادىي خىزمەت. مۇشۇنداق ئۇلۇغ خىزمەتنىڭ ھوددىسىدىن چىقىش مەنىسى بىلەن تولۇق چىقىش ئۈچۈن، تىلنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق قىلىشقا، ھېچ بولمىغاندا مەلۇم دەرىجىدە تېپىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھورمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# قايسىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل؟

تەرجىمە خىزمىتى بىلەن يېڭى شۇغۇللانغان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

"تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، ئەسلى ئەسەرنىڭ تېكىستىدە نىمە سوز بولسا شۇنى دەلمۇ-دەل تەرجىمە قىلىپ بېرىش تەرجىمىنىڭ 'ساداقەتلىك' بولۇش دېگەن قائىدىسىگە مۇۋاپىق بولۇپ چىقىدۇ." ئۇلار بۇ ھەقتە "趁热打铁" دېگەن ئىبارىنى 'تومۇرنى قىزىغىدا سوق" دەپ تەرجىمە قىلىپ، بۇنى ئەسلى تېكىستكە "سادىق" بولغان دەلمۇ-دەل توغرا تەرجىمىنىڭ دەلىلى قىلىپ كورسىتىدۇ.

مۇنازىرە ئۈستىدىكى تەرجىمان يولداشلارنىڭ يەنە بەزىلىرى "利剑不斩悔罪人" دېگەن ماقالنى "ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىپ، ئەسلى تېكىستتىكى سوزلەرنى دەلمۇ-دەل تەرجىمە قىلىشنىڭ "ئەسلىگە سادىق" دېگەن چۈشەنچىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.

تەرجىمىدە "ئەسلىگە سادىق بولۇش" دېگەن سوز تەرجىمىنى توغرا ئىشلەش ئۆلچىمىدىكى مۇھىم، ئاساسىي قائىدىلەرنىڭ

بىرى، بۇنىڭدا شەك يوق. تەرجىمان ئۆز خىزمىتىنى تولۇق ۋە توغرا، ئىشەنچلىك ۋە ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بۇرمىلىماستىن، كېمەيتمەستىن، مۇبالىغىمۇ قىلماستىن ئىپادىلەپ بېرىشى شەرت. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ”趁热打铁“ نىڭ ”تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق“ دەپ تەرجىمە قىلىنىشىدا تەرجىمىنىڭ ئەسلىگە سادىق، توغرا بولۇشى لازىم دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىشىدە شەك يوق. لېكىن ”利剑不斩悔罪人“ دېگەن ماقالىنىڭ ”ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ“ دەپ تەرجىمە قىلىنىشى قارىماققا ئەسلى تېكىستتىن خېلىلا چەتنەپ كەتكەندەك تۇرسىمۇ، لېكىن بېرىلىدىغان چۈشەنچىسى ئەسلى تېكىستتا بىلدۈرمەكچى بولغان مەنىنى تولۇق ئۇقتۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ چىققان.

ماقالامنىڭ بۇ قىسمىدا ”تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى“ ئۈستىدە توختالماقچى ئەمەسمەن، ئۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمەن. بۇ ماقالامدا پەقەت تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدىغان ”تىل ئادىتى“ توغرىسىدىلا توختالماقچىمەن.

تىل — سۆزدىن ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان گەپتىن ئىبارەت. گەپنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان سۆز تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۇقۇم. ئۇقۇم پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن،

ھەر مىللەت ئۈچۈن ئورتاق نەرسە. خەنزۇ تىلىدىكى ”书“، ئۇيغۇر تىلىدىكى ”كىتاپ“. خەنزۇ خەلقى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇ ئوخشاش بىر شەيئىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن ئۇقۇملارنى ئۇقتۇرىدىغان ياكى ئۇقۇملارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر، خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس پەرقلەرگە ئىگە. خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرمۇ بىر بىرىدىن شۇنداق پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. تەرجىمە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنداق پەرقلەر سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى ”剑“ سۆزى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ”قىلىچ“ سۆزى ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ، ۋاھالەنكى خەنزۇ تىلىدىكى ”悔罪人“ سۆزى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ئېگىلگەن بويۇن“ سۆزى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. شۇنداق ئىكەن، ”利剑不斩悔罪人“ دېگەننىڭ ”ئۆتكۈر قىلىچ تۆۋا قىلغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەسمەيدۇ“ دېگەن تەرجىمىسى توغرا تاپىماي، نېمە ئۈچۈن ”ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ“ دېگەن تەرجىمىنى توغرا تاپىمىز.

بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، مەسىلىنى ئىككى تەرەپتىن، يەنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە سۆز ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىن قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ

جەھەتتە تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە خىلمۇ-خىل ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ:

1. خەنزۇ تىلىدىكى مەلۇم سوزلەر بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەلۇم سوزلەر مەنە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| سوتسيالىزىم | 社会主义 |
| چىرايلىق قىزىلگۈل | 美丽的鲜花 |
| مىللەت | 民族 |
| قۇياش | 太阳 |
| ئۇسۇل | 方法 |

بۇنداق مىساللار كوپ. بولۇپمۇ خاس ئاتالغۇلار تامامەن دىگۇدەك ئوخشاش، ئۇقۇم جەھەتتە ھىچقانداق پەرق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدىمۇ زور قىيىنچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. تەرجىمان ئادەتتە ئىسىدە تۇتالىسىلا، مۇكەممەل ۋە ئىشەنچلىك لۇغەت كىتاپلىرىغا مۇراجەت قىلسىلا، مەسىلىنى تولۇق ۋە توغرا ھەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە تىلىدىن ئۇز باراۋىرىدە سوز-ئاتالغۇ تاپالمىغاندا باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناسىپ سوز-ئاتالغۇلىرىنى ئېلىشى، ئۇز تىلىدىن مۇناسىپ يېڭى سوز-ئاتالغۇلارنى ياسىشى مۇمكىن.

2. خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سوزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن ئانچە ئوخشاشمايدىغان ئەھۋاللار

ئۇچرايدۇ، يەنى خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سوزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى قىسمەن ھالدا پەرقلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: "打" سوزىنى ئالايلى. بۇ سوز ئۇيغۇر تىلىدا "ئۇرماق"، "سوقماق"، "زەربە بەرمەك" دىگەنگە ئوخشاش ئۇقۇم دائىرىسىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. ۋاھالەنكى خەنزۇ تىلىدا بولسا "ئۇرماق"، "سوقماق" دىگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنىڭ دائىرىسىدىن ناھايىتى كوپ دەرىجىدە چىقىپ كېتىپ، ھەتتا شۇ ئۇقۇملارنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىچە بولغان، بىر بىرىگە زادىلا يېقىن كەلمەيدىغان مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناغرا چالماق | 打鼓 | ئۇرۇشماق | 打架 |
| مۇئامىلە قىلماق | 打交道 | دەۋالاشماق | 打官司 |
| نان ياپماق | 打馕 | تام سالماق | 打墙 |
| چاتىماق | 打杈 | بەلگە بەرمەك | 打信号 |
| ھوججەت يازماق | 打条子 | قۇچقاچ تۇتماق | 打鸟 |
| ئىلاڭگۇچ ئۇچماق | 打秋千 | توپ ئوينىماق | 打球 |
| خامان تەپمەك | 打场 | ئەسنىمەك | 打哈欠 |
| سەپ سالماق | 打量 | سۇزمەك | 打捞 |
| ھاراق سېتىۋالماق | 打酒 | يەل بەرمەك | 打气 |

بۇ مىساللاردىكى "打" سوزىنى ئەگەر ھەممىلا شارائىتتا "ئۇرماق"، "سوقماق" دىگەن ئۇقۇم دائىرىسى بىلەنلا چەكلەپ، خەنزۇ تىلىدىكى شۇ بىر سوزگە ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر سوزنى

دەلمۇ ـ دەل توغرىلاشقا ئۇرۇنىدىغان بولساق، تەرجىمىمىز كوپ هاللاردا توغرا بولماي قالىدۇ.

3. خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كوپ مەنىلىك سوزلەر لۇغەت فوندىدا خېلى كوپ ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنداق كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇنداق كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى، كوپ هاللاردا مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: "饿" سوزى ئۇيغۇر تىلىدا "ئاچ" دېگەن توپ سوز. بۇ سوز "ئاچلىق"، "ئاچارچە-لىق"، "ئاچ قالماق" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ، لېكىن مەيلى قانداق تۇرلەنسۇن، "ئاچ" دېگەن توپ مەنىدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئاهاڭداشلىق ئېتىۋارى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىن "ئاچ" سوزىنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇرساق، "ئاچ" سوزىنى"ئاچارچىلىق"، ئىشىكنى "ئاچماق" دېگەنگە ئوخشاش بىر بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە تۇرلەندۇرۇپ قوللىنىشىمىز مۇمكىن. خەنزۇ تىلىدىكى كوپ مەنىلىك سوزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يۇقۇرى-تووەن مۇناسىۋىتىگە قارىماستىن، ئۇيغۇرچە بىلەن دەلمۇ-دەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش، كوپ هاللاردا ياخشى ئۇنۇم بەرمەيدۇ. چۈنكى كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ قايسىبىر كونكرېت مەنىسىنى تاللىۋېلىپ قوللىنىش پەقەت كونكرېت گەپ ياكى جۇملىدىكى مۇناسىۋىتىگە، ئەھمە-يىتىگە ئېتىۋار بېرىش بىلەنلا قارارلىشىدۇ. ئۇلارنى مۇتلەق،

يتىم ھالەتتە قويۇپ چۈشىنىش ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە مەنىنىڭ توغرا بولماسلىقى ياكى مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن مۇجىمەللىشىشى تۇرغان گەپ. بىز كوپ ھاللاردا "农业和牧业" دىگەن سوزلەرنى "农牧业" دەپ چۈشىنىپ، "دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق" دەپ تەرجىمە قىلىمىز. ۋاھالەنكى "农业国" دىگەن سوزنى "يىزا ئىگىلىك دولىتى" دەپ تەرجىمە قىلىمىز، چۈنكى بۇنىڭدا دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋاھاكازالارنى ئوز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىر ئىگىلىك سىستىمىسىنى كوزدە تۇتىمىز؛ "دىخانچىلىق" ئەنە شۇ بىر پۈتۈن ئىگىلىك سىستىمىسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدىلا كوزدە تۇتۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، "国家"، "经济" سوزلىرىمۇ يىزىق يۈزىدە "农业" سوزىگە ئوخشاش بىر خىل شەكىلدە يۈز بەرسىمۇ، لىكىن مەنە جەھەتتە "دولەت"، "ئىقتىسات" دىگەن بىرلا مەنىنى ئاڭلىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. كونكىرىت جۈملە تەركىۋىدە، كونكىرىت سوز مۇھىتىدا "国家" سوزىنى "دولەت" دىگەن مەنىدە قوللانغاندىن تاشقىرى، "مەملىكەت"، "ئەل" دىگەن مەنىدە قوللىنىشقىمۇ توغرا كىلىدۇ؛ "经济" سوزىنى "ئىقتىسات" مەنىسىدە قوللىنىشتىن باشقا، "ئىگىلىك"، "تىجەشلىك" ھەتتا "ئەرزان" دىگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىشقا توغرا كىلىدۇ.

دىمەك، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى كوپ مەنىلىك سوزلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھ-

ۋاللارغا ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىنى، يەنى بىر سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مەنىلىرىنىڭ فايىسىسىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى پەقەت شۇ كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنىغا ۋە ئالدى ـ كەينىدىكى سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئېتىۋار بېرىش بىلەنلا ھەل قىلىش مۇمكىن. تەرجىمىدە جۈملىدىكى كونكرېت سۆزلەرنىڭ كونكرېت شارائىتتا گەۋدىلەندۈرۈش ـ تاللىۋېلىش زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېتىۋار بېرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، يەنى ئەسلى تېكىستتە نىمە بولسا، سۆزلەرنىڭ يۈزەكى شەكلىگىلا قارىماستىن، كونكرېت شارائىتتىكى كونكرېت مەنىسىگە قاراپ، جۈملە تەركىۋىدىكى، ھەتتا پۈتۈن ئابزاس ۋە پۈتۈن ئەسەردىكى ئۆزىگە خاس سۆز مۇھىتىنى نەزەردە تۇتۇپ جانلىق تۈرلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە يەنە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ: ئۇيغۇر تىلىدا ”...... سۆزگە چىقتى“ دىگەن سۆز ھەرگىزمۇ ”...... سۆز سېتىۋالغىلى چىقتى“، ”سۆزنىڭ ئۈستىگە چىقتى“ دىگەن مەنىدىكى سۆز ئەمەس. ”دوپپىسىغا جىگدە سېپتۇ“ دىگەن گەپ ھەرگىزمۇ جىگدىنى قاچىلايدىغان نەرسە تاپالماي، ”دوپپىسىغا قاچىلاپتۇ“ دىگەن گەپ ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى “卖狗皮膏药” دىگەن سۆزدە مەككار، قىزىلكۆز سودىگەرنىڭ ”ئىت تېرىسىدىن

ياسالغان مەلـھەم دورىـنى ساتـقان“لىغـى كوزدە تۇتۇلمايـدۇ؛
ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ كوزنى بوياپ ئالدامچىلىق قىلغانـلىغى،
ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقانـدا، باشقـىلارنىڭ ”دوپپىسـىغا
جىگدە سالغان“لىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر تەرجىمە ئەمىلىيە-
تىدە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتىدىن چەتلەپ،
كونكـرىت سوز-ئىبارىـلەرنىڭ يۇقۇرى-توۋەن ئالاقىسـىدىن
قەتئـى نەزەر، بىر سوزگە بىر سوزنى يەكـكە-يىـگانە ھالـدا
توغرىلاش يولىنى تۇتىدىغان بولساق، ئۇ ھالـدا تەرجىمـىنىڭ
توغرا بولماسلىغى تۇرغان گەپ.

قىسقىسى، خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سوزلەرنى ئۇيغۇر تىلـىغا
بىرمۇ-بىر تەرجـىمە قىلـغانـدا ياكـى دەلـمۇ-دەل تەرجـىمە
قىلغاندا، ئۇنداق تەرجىمىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئەسلىگە سادىق
بولۇپ چىقىـشى، توغـرا بولۇشى ناتايـىن؛ تەرجـىمـىدە كوپ
مەنىلىك سوزلەرنىڭ كونكىرىت قىسمىنى تاللاپ ئىپلىشـقا ئېتى-
ۋارسىز قارىغانـدا، تەرجىمـىنىڭ ھىچ بولمىغاندا ئىستىلىستىكا
جەھەتتىن ساغـلام بولماسلىغى تۇرغان گەپ؛ بەزىدە خەنـزۇ
تىلىدىكى بەزى سوز-ئىبارىلەرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش ھەتتا
مەنە خاتالىغىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

بۇ ئەھـۋاللار نىمىنى ئۇقتۇرىـدۇ؟ تىـل ۋە سوز خەلقـىنىڭ
تارىخى، ئىجتىمائى ئورپ-ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلـىك،
ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلى ۋە سوزلەردىن گەپ تۇزۇش، سوز
ئىشلىتىش ئادىتى تارىختا شەكىللىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن

ستالىن: ”...... مەلۇم بىر خىل تىلنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىنى پەقەت شۇ جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا، شۇ تىلنى ياراتقان، ئىشلىتىۋاتقان خەلقنىڭ تارىخىغا زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ“ دەپ ياخشى ئېيتقان. دېمەك، ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىغا مۇناسىپ ھالدا بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ سوزلەش ئادەتلىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى تىلدىكى سوزلەر جۈملىدە، ئالدى-كەينىگە باغلىنىپ كەلگەن سوزلەر تىزمىسىدا مۇتلەق مەۋجۇت تۇرالمايدۇ، ئۇ باشقا سوزلەر بىلەن مەنە جەھەتتە، ئىستىلىستىكا جەھەتتە، گىراماتىكا جەھەتتە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوزلەش ئادىتى، كوپ ھاللاردا، بىر بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. بۇ پەرق تەرجىمە ئەملىيىتىدە شۇنداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىكى، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا خەنزۇچە تېكىستى مەنىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ھەم توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسا، ئۇيغۇرچىسى شۇ مەنىنى ئۆزىگە خاس شەكىللەرنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇيغۇرچە تېكىستى مەنىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ھەم توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسا، خەنزۇچىسى شۇ مەنىنى ئۆزىگە خاس شەكىللەرنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە گەپتە سۆزلەر گىراماتىكا جەھەتتىن بىر بىرىگە باغلىنىپ، ماسلىشىپ كەلسىمۇ، لېكىن جۈملىدىكى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن بىر بىرىگە دىگەندەك ماسلاشمايدىغان جۈملىلەر ئۇچرىماي قالمايدۇ. مەسىلەن: ”بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدە ئىلگىرىلەش بار بولدى“ (我们的学习有了进展)؛ ”4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش“ (争取实现四个现代化)؛ ”كونا ئىنقىلاۋىي بازىنىڭ ئاممىسى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ“ (老革命根据地群众进行四个现代化)؛ ”بۇنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە قارىتا چوڭ ياردىمى بار“ (这对我的工作大有帮助) ۋاھاكازا. بەزىلەرنىڭ بۇنداق جۈملىلەرنى ”خەنزۇچىلاشقان ئۇيغۇرچە سۆز“ ياكى ”تەرجىمانچە سۆز“ دېيىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە جانلىق تىلدا ”بىز ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىدۇق“، ”4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش“ ياكى ”4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش“، ”كونا ئىنقىلاۋىي بازىدىكى ئامما 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇۋاتىدۇ“، ”بۇنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە چوڭ ياردىمى بار“ دەيمىز. ھالبۇكى يۇقۇرقىدەك ياسالما سۆزلەر، ياسالما جۈملىلەر ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئادەتكە ماسلاشمايدىغان غەلىتە خاھىشلار تەرجىمىدىكى شەكىلىياتچىلىقنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئوخشاش بىر مەنىنى ئۇقتۇرۇشتا ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرى، تىل ئادىتى خەنزۇ تىلى

بىلەن ئۇيغۇر تىلى تامامەن دىگۇدەك ئوخشىشىپ كەتمىگەچكە، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى تېكىستتىكى سوزلەرنىڭ يۈزەكى مەنىسى بىلەن، ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرى بىلەن ھەتتا سوزلەرنىڭ مىقدارى بىلەن چەكلىنىپ قېلىش نەتىجىسىدە ئەسلى تېكىستىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى دەل توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش، كوپ ھاللاردا، مۇمكىن ئەمەس؛ زورمۇ-زور ئەكس ئەتتۇرگەن تەقدىردىمۇ، تەرجىمە تىلىنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ چىقىشى ناتايىن.

# تەرجىمىدە سوزلەرنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش مەسلىسى

جۇملىدە سوزلەرنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى تەرجىمىدە مۇھىم مەسىلەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى جۇملىدىكى سوزلەر ھەر خىل ئۇسۇلدا ماسلىشىپ كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنى خالىغانچە ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھەر مىللەتنىڭ ئىستىلىستىكا ۋاستىسى بىلەن سوزلەرنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئادىتى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئادەت ئۇزاق تارىخىي جەرياننى ئوز بېشىدىن ئوتكۇزۇش بىلەن مۇئەييەنلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ سوزلەرنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئادەتلىرى بار. شۇنىڭ ئۇچۇن خەنزۇ تىلىدا جۇملىدىكى سوزلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا جۇملىدىكى سوزلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن:

(1) “拖拉机在广大的田野上耕地。”

(2) “全国掀起了广大的增产节约运动。”

بۇ ئىككى مىسالدا ”广大“ سوزى كولەم، دائىرىنىڭ

”كەڭ“لىگىنى بىلدۈرىدۇ. مەنە ئېتىـۋارى بىلەن بۇ جۈمـلىلەر ”تىراكتۇر كەڭ ئېتىزدا يەر ھەيدىمەكتە“، ”مەملىكەت بويىـچە كەڭ كولەملىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىسات قىلىش ھەر- كىتى كوتىرىلدى“ دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ”كەڭ“ سوزى ”ئېتىز“ بىلەن، ”كەڭ كولەملىك“ سوزى ”ھەركەت“ بىلەن ماسلىـشىپ، بىر بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

“他第一次登台，免不了有些紧张。”

(1) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىرئاز جىد- دىلەشمەي قالمايدۇ.

(2) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىرئاز ئالدى- راپ قالماي قالمايدۇ.

(3) ئۇ سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققانلىقتىن، بىرئاز ئاسىق- ماي قالمايدۇ.

بۇ 3 خىل تەرجىمىدىن ”紧张“ سوزى ئۈچ خىل ئېـلىن- غان. بىز كوپ چاغلاردا ”جىددى“ دىگەن مەنىنى تۇتۇۋېـلىپ، ئۇ سوزنىڭ ئوزىگە ياندىش كەلگەن سوزلەر بىلەن ماسـلاشقان ياكى ماسلاشمىغانلىغىغا ئېتىۋار قىلماي قالىمىز، نەتىجىدە جۈمە- لىدىكى سوزلەر بىر بىرىگە ماسلاشـماي قالىـدۇ. (1) مىـسالنى ئالساق، ھەتتا ”باشقا چاغلاردا ھەركەتتە سۇس ئىدى، بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىققانلىقتىن بىرئاز تېز، جىددى ھەركەت قىلى- دىغان بولدى“ دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىشى ھەم مۇمكىن. ئەمىلى- يەتتە بولسا گەپ بىر ياش ئەرتىسنىڭ سەھنىگە بىرىنـچى قېتىم

چىققاندا "تەمتىرەپ"، "ھودۇقۇپ" ياكى "ئاسقىپ" ۋە ياكى "قورۇنۇپ" قالغانلىغى ئۇستىدە بارىدۇ. مانا شۇنداق مەنىنى ئېنىق، توغرا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، يانداش سوزلەرگە ماسلىشىپ كېلىدىغان مۇناسىپ سوزلەرنى تىل ئادىتىگە ۋە ئىپادىلەپ بېرىش ئېھتىياجىغا قاراپ تاللاشقا توغرا كېلىدۇ.

گەپتە سوزلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلاشماسلىغىدىكى ھەۋەپلەرنى بىرنەچچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

**A . مەنە جەھەتتىن:**

"最近几天以来，蔬菜供应比较紧张。"

بۇ مىسالدا "紧张" سوزى ئالدى-كەيىندىكى سوزلەر مۇناسىۋىتى بىلەن "ئاز"، "قىس"، "كەم" ياكى "باس-باس" مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ. ئەگەر بىز شۇنداق مۇناسىۋەتلەرگە قارىماي، "يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بېرى كوكتات تەمىناتى جىددىلىشىپ كەتتى" دەپ تەرجىمە قىلساق، كوكتاتنىڭ "ئاز"، "كەم"، "قىس" ياكى "باس-باس"لىغىنى ئۇقتۇرالامدۇق؟ ئېھتىمال بەزىلەر "ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ"، "شۇنداق چۈشەنچىنى بېرىدىغان بولۇپ قالدى" دەپ جاۋاپ بېرەر. ئەمىلىيەتتە بۇنداق جاۋاپلار بىر تەرەپتىن شۇ تەرجىمانىنىڭ سوزدە گادايلىغىنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن "تەرجىمان تىلى"غا بېرىلىپ كەتكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ؛ تېخىمۇ مۇھىمى، تەرجىمىدە مەنىنى ئېنىق، توغرا ۋە سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش پىرىنسىپىغا سەل قارىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

**B . تىل ئادىتى جەھەتتىن:**

"形势大好" (ۋەزىيەت چوڭ ياخشى)» سوزىنى كوپ ئۇچ-رىتىمىز. ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، "چوڭ" سوزى ھىچقاچان "ياخشى" سوزىنىڭ سۈپىتى ياكى ئېنىقلىغۇچىسى بولالمايدۇ، جانلىق تىلدىمۇ شۇنداق. ۋاھالەنكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "大好"، "小好" دېيىش مۇمكىن، چۈنكى خەنزۇ تىلىدا، تىل ئادىتى بويىچە، بۇ يەردە گەپ "ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى" دىگەن مەنىدە يۈز بېرىدۇ. دىمەك، جۈملە تەركىۋىدىكى سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاشقا شۇ كونكىرىت سوزلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلىشىشىنى نەزەردە تۇتۇشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئادىتىگە ئېتىۋار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**C . ئىستىلىستىكا جەھەتتىن:**

"我们要向自然界的广度和深度进军。" ئەينەن تەرجى-مىسى: "تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەڭلىگە ۋە چوڭقۇرلۇغىغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز."

"تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كەڭلىگى ۋە چوڭقۇرلۇغى" دىگەن سوزلەر بىر بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن؛ بۇ سوز "تەبىئەت دۇنياسى كەڭ ۋە چوڭقۇر" دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ. لېكىن "يۈرۈش قىلىش" سوزى بىلەن بىرلەشكەندە، ئەنە شۇنداق "كەڭ" ۋە "چوڭقۇر" تەرەپكە قاراپ "يۈرۈش قىلايلى" دىگەن مەنىگە تارتىپ كېتىدۇ. خەنزۇچىدا بولسا، "تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ، ھەممە تەرەپلەپ يۈرۈش قىلايلى ۋە چوڭقۇرلاپ

كىرەيلى“ دىگەن مەنە تىل ئادىتى ۋە ئىستىلىستىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن يۇقۇرقىدەك شەكىلدە يۈزبەرگەن. بۇ
“他的一番话， 好比一股强大的热流， 说到我的心田里。”
دىگەن تىل ئادىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ جۈملىنى ”ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى بىر پارچە ئوتتەك يۈرىگىمدە ئىتىلدى“ دەپ تەرجىمە قىلساق، يەنى ”ئۇنىڭ سۆزلىرى ......يۈرىگىمدە...... ئوتتەك...... ئىتىلدى“ دىسەك، ئېنىق بىر مەنىنى ئۇقتۇرالماسلىغىمىز تۇرغان گەپ. خەنزۇچىدا بولسا مەنە ناھايىتى ئېنىق: ”ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىگىمنى خۇددى بىر پارچە ئوتتەك ئېرىتىۋەتتى“ ياكى ”ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىگىمگە خۇددى بىر پارچە ئوتتەك تەسىر قىلدى“ ۋە ياكى ”ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىگىمگە خۇددى بىر پارچە ئوت بولۇپ تۇتاشتى“. ئەلۋەتتە، بۇ جۈملىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان ھەم چىرايلىق تەرجىمە شەكىللىرىنىمۇ تېپىش مۇمكىن. ئەگەر تەرجىمىدە شەكلىياتچىلىققا بېرىلىپ كېتىدىغان بولساق، خۇددى لۇشۇننىڭ ”قەلەم تۇتىدىغان ئادەم ئىستىلىستىكىنى بىلمىسە، مەقسىدىنىمۇ توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ“ دەپ توغرا ئېيتقىنىدەك، ئوقۇغۇچىلارنى، كىتابخانىلارنى تېپىشماق تېپىش ئاۋارىگەرچىلىگىگە سېلىپ قويۇش سەۋەنلىگىدىن خالى بولالماي قالىمىز.

# تەرجىمىدە مەنتىقىي ئۇقۇم مەسىلىسى

ئادەتتە، تەرجىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە تەرجىمىنىڭ توغرىلىقىغا قويۇلىدىغان ئۆلچەملەردە، "تەرجىمىنى مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن ساغلام ئىشلەش لازىم" دىگەن گەپلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ تەرجىمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىر تەرەپتىن قىيىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاسان.

خەتمۇ-خەت ئىشلەنگەن تەرجىملەردە بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنلاش قىيىن. ئەكسىچە، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ھەر بىر جۈملىنىڭ روھىي ماھىيىتى تولۇق چۈشىنىلىپ، ئۇلۇك- مىخانىك ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق، جانلىق قىلىنغان تەرجىملەردە بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنلاش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن:

"我国的经济发展将赶上,并在以后还要超过先进国家."

بۇ جۈملە ئەگەر "مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرگە يېتىشىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئېشىپ كېتىدۇ" دەپ خەتمۇ-خەت تەرجىمە قىلىنىدىغان بولسا، بۇنداق تەرجىمىدە، مەنتىقىي ئۇقۇم خاتالىقى يۈز

بېرىدۇ. تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ”ئىقتىسادىي تەرەققىيات“ بىلەن ”ئىقتىسادىي تەرەققىيات“ ئىلا بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇكى، ”ئىقتىسادىي تەرەققىيات“ بىلەن ”مەملىكەت“نى بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ، چۇنكى بۇ ئىككى سوز ئۇقۇم جەھەتتىن بىر نەرسە ئەمەس. شۇڭا بۇنداق سوزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، خەنزۇچە جۇملىدىكى سوزلەر ۋە جۇملە شەكىللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەركىۋىنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

يۇقۇرىدىكى مىسالنى مۇنداق توغرىلاپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن:

”مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرنىڭكىگە يېتىشىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئۇلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ“. ياكى:

”مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەرگە يېتىشىدۇ، بەلكى كېيىنچە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ“.

بىز ئادەتتە كوپ ئۇچرايدىغان “你的成绩比他好” دىگەن سوزنى مىسال قىلايلى. يۇقۇرىدىكى قائىدە بويىچە، بۇ جۇملىنى ”سېنىڭ ئۇتۇغۇڭ ئۇنىڭدىن ياخشى“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۇنكى ”ئۇتۇق“ بىلەن ”ئۇ“ (كىشىلىك ئالماش) ئۇقۇمدا ئىككى خىل نەرسە، ئۇلارنى تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدۇ.

يۇقۇرىدىكى ئىككى مىسالدىن قارىغاندا، تەرجىمىنى تەرجىمە قىلغۇچى تىلنىڭ گىراماتىكىسى جەھەتتىنلا توغرا ئىشلەش زورۇر بولۇپ قالماستىن، تىل ئادىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىنمۇ توغرا ئىشلەش زورۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە كەمچىلىكنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۇستىگە ئارتىشقا بولمايدۇ. ئەمىلىيەتتە، خەنزۇچە بەزى جۈملىلەردە سوزلەر تىل ئادىتى بويىچە قىسقىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

"无论那种人都不如他们的集中" (《毛泽东选集》第 8 页)

بۇ جۈملە مەنە جەھەتتىن ئەسلىدە "无论那种人的集中都不如他们的集中" دىگەن جۈملە لېكىن "集中" سوزى خەنزۇ تىلىنىڭ ئىخچاملىق ئادىتى بىلەن قىسقارتىلىپ كەتكەن. ئەگەر بىز خەنزۇ تىلىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېتىۋار بەرمەستىن، سوزمۇ-سوز تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، بۇنداق تەرجىمە ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، خاتا بولىدۇ ۋە تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسى توغرا بىلدۇرۇلمەي قالىدۇ. شۇڭا بۇ مىسالدىكى جۈملىنى تولۇقلاپ مۇنداق تەرجىمە قىلىش كېرەك:

"باشقا ھەرقانداق كىشلەرنىڭ توپلىنىپ جايلىشىشى ئۇلارنىڭكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ." ياكى:

"توپلىنىپ جايلىششش دەرىجىسى جەھەتتىن باشقا ھەرقانداق كىشلەر ئۇلارغا (سانائەت پرولېتارىياتىغا دىمەكچى)

تەڭ كېلەلمەيدۇ."

ئەگەر، "باشقا ھەرقانداق كىشىلەر ئۇلارنىڭ توپلىنىپ جايلىشىشىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، "كىشىلەر"نى "توپلىنىپ جايلىشىش" بىلەن سېلىشتۇرغان بولىمىز-دە، مەنتىقىي ئۇقۇمدا يېڭىلىمىز.

دېمەك، ھەرقانداق ئەسەرنى خەتمۇ-خەت تەرجىمە قىلىشتىن شۇنىڭدەك مەنىنى توغرا ئۇقتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى كېمەيتمەي ياكى ئۇنىڭغا زورۇر بولغان سۆز تەركىپلىرىنى قوشماي تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىشكە ۋە پۇختا ئىگەللەشكە توغرا كېلىدۇ.

“这样的乡政府，是真正模范的乡政府。他们和汀州的官僚主义的领导方法，是绝对的不相同。”

بۇ جۈملىنى "بۇ يېزا ھۆكۈمەتلىرى ھەقىقەتەن نەمۇنە ھۆكۈمەت. ئۇلار تىڭجۇ شەھىرىنىڭ بيۇروكراتىزىملىق رەھبەرلىك ئۇسۇللىرىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى شەكلەن قارىغاندا چاتاق بولمىسىمۇ، لېكىن، مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن چاتاق. چۈنكى "يېزا ھۆكۈمەتلىرى"نىڭ ئالمىشى بولغان "ئۇلار" بىلەن "ئۇسۇل" بىر بىرگە ماسلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»دە "ئۇلار" سۆزىنىڭ ئايىغىغا "رەھبەرلىك ئۇسۇلى" سۆزى قوشۇلۇپ، پۈتۈن جۈملە "بۇنداق يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر، ھەقىقەتەن، ئۈلگىلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك

ئۇسۇلى تىگىجۇ شەھىرىنىڭ بىيۇروكىراتلارچە رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ“ دەپ مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدا ”ئۇسۇل“ بىلەن ”ئۇسۇل“ سېلىشتۇرۇلۇپ، مەنىتىقىي ئۇقۇم روشەنلەشتۈرۈلگەن.

خەنزۇ تىلىدا سوز ئىشلىتىش ئادىتى بويىچە، بەزى جۇملىلەردە سوزلەر قىسقارتىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىسقارتىلغان سوزلەر ئۇيغۇرچىدىمۇ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇرچىدا مەنە روشەنلەشمەيدۇ، مەنىتىقىي ئۇقۇم بۇزۇلىدۇ. مەسىلەن: “打土豪要归公” ”مۇشتۇمزورلارغا قارشى كۈرەشتە ( 《毛泽东选集》第1138页) ئېلىنغان نەرسىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش كېرەك“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانمائەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2145 ـ بەت).

مەنە ئېتىۋارى بىلەن بۇ جۇملىگە بىرقانچە سوز قوشۇلغان ۋە قوشۇش زورۇر بولغان.

لېكىن ئۇيغۇرچىدا مەنىتىقىي ئۇقۇمنى تولۇق بېرىش زورۇر-يىتى بىلەن سوز قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، يۇقۇرقى تولۇق مەنىلىك سوزلەرنى قوشماستىن، مەنىنى ياردەمچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ تولۇقلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

“半自耕农，其生活苦于自耕农。”

بۇ جۇملىدە ”كىمنىڭ تۇرمۇشى كىمنىڭكىدىن ئېغىر“ لىغى ئۇقتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇنىمۇ ”يېرىم ئىجارىكەش دىخانلارنىڭ

تۇرمۇشى ئۆز يېرىنى ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلاردىن ئېغىر بولىدۇ“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. ”تۇرمۇش“نى ”دېھقانلار“غا تەڭلەشتۈرۈپ، مەنتىقىي ئۇقۇمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ”تۇرمۇش“نى ”تۇرمۇش“قا تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سۆز قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن تولۇق مەنىلىك سۆز قوشماستىن، ياردەمچىلەر بىلەن مۇنداق ھەل قىلىش مۇمكىن: ”يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ.“ مەسىلەن يەنە: “故半自耕农的革命性优于自耕农而不及贫农!” ”شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەل دېھقانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ.“

بۇ يەردىمۇ ”ئىنقىلاۋىيلىق“نى ”يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار“، ”كەمبەغەل دېھقانلار“غا تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇقۇمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ”نىڭكىگە“ ئۇلانمىسى قوشۇلغان.

بەزى سۆزلەر بىر بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

“我国的面积几乎相当于整个欧州.”

”مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى پۈتۈن ياۋروپاغا دېگۈدەك تەڭ كېلىدۇ.“

بۇنىڭدا "زىمىن" بىلەن "ياۋروپا" تەڭكەش كېلىپ، يەنە تېرىتورىيە مەنىسىنى بېرىدۇ، بۇنداق سوزلەردە يۇقۇرقىدەك مەنتىقىي ئۇقۇم خاتالىغى تۇغۇلمايدۇ، سوزلەرنىڭ مەنىداشلىق خۇسۇسىيتى مەنتىقىي ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

مەنتىقىي ئۇقۇمنى توغرا بېرىش ئۈچۈن، نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدىغان شۇنداق تەرجىمە ئىدىيىسىمۇ باركى، تەرجىمىدە بەزىدە ئەسلى جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى سوزلەرنى چىقىرىپ تاشلاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

“中国人民把巩固和发展我们同各友好国家之间的团结和合作，看作是自己的重要任务。” بۇ جۈملىنى ئەينەنلا "جۇڭگو خەلقى بىزنىڭ ھەرقايىسى دوست دولەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىغىمىزنى ۋە ھەمكارلىغىمىزنى مۇستەھكەملەشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئوزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارايدۇ" دەپ تەرجىمە قىلساق، "جۇڭگو خەلقى كىمنىڭ قانداق قىلىشنى ئوزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى" دەپ قارايدۇ؟ دىگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇ تەرجىمىدە "جۇڭگو خەلقى" بىلەن "بىز" سوزى ئۇقۇم جەھەتتىن ئىككى بولەك نەرسە. ئەمەلىيەتتە خەنزۇچىدا "بىز" سوزى "جۇڭگو خەلقى"نىڭ ئالمىشى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا مەنتىقىي ئۇقۇم ئېنىق. لېكىن ئۇيغۇرچىدا جۈملە ئېنتۇارى بىلەن ئالغاندا، "بىز" سوزى "جۇڭگو خەلقى"نىڭ ئالمىشى بولالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس. ئۇقۇمنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، "جۇڭگو

خەلقى (ياكى بىز جۇڭگو خەلقى) دوست ئەللەر (ياكى دولەتلەر) بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمـكارلىقنى (ياكى ھەمكارلىقىمىزنى) مۇستەھكەملەشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇزىنىڭ (ياكى ئۆزىمىزنىڭ) مۇھىم ۋەزىپىسى (ياكى ۋەزىپىمىز) دەپ قارايدۇ (ياكى قارايمىز)" دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بىر مىسال:

"资本家购买了劳动力，就离开热闹的市场，暂时退出流通领域，领着工人到资本家的工厂，……这时资本家就迫使工人在资本家的支配下进行劳动。"

بۇ يەردە كاپىتالىستنىڭ ئەمگەكچىلەرنى يالـلىۋېلىپ، ئۇز زاۋۇدىغا ئېلىپ بېرىپ ئەمگەككە سالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەگەر بىز سوزمۇ-سوز، بىرگە-بىر تەرجىمە قىلىپ، "كاپىتالىست ئەمـگەك كۈچـلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، قىزىق بازاردىن چىقىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن ۋاقىتىنچە چېكىنىپ، ئىشچىلارنى كاپىـتالىستنىڭ زاۋۇدىغا باشلاپ بارىدۇ،......شۇ چاغدا كاپىتالىست ئىشچىلارنى كاپىتالىستنىڭ ئىختىيارىدا ئەمـگەك قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ" دېسەك، بۇ جۈملىدىكى بىرىنچى "كاپىتالىست" بىلەن ئىكەن، ئىككىنچى "كاپىـتالىست" زاۋۇتـنىڭ خوجايىنى ئىكەن، ئۈچىنچى "كاپىتالىست" ئىشچـىلارنى ئىشقا سالىـدىغان گۇڭتۇ ئىكەن، تۆتىنچى "كاپىتالىست" ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەن دىگەنـدەك ئۇقۇم كېلىپ چىقىشى تەبىي. ئەمەلىيەتـتە بولسا، بۇ يەردىكى 4 "كاپىتالىست"نىڭ ھەممىسى بىر. شۇ بىر "كاپىتالىست ئەمگەك كۈچـلىرىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، قىزىق

بازاردىن چىقىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن ۋاقىتىنچە چېكىنىپ، ئىشچىلارنى ئۆز ئىنىڭ زاۋۇدىغا ئاپىرىدۇ،......شۇ چاغدا ئىشچىلارنى ئۆز ئىلكىدە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ.“

دىمەك، تەرجىمىدە مەنتىقىي ئۇقۇمنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش، تىل ئادىتى جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى توغرا چۈشىنىپ، زورۇر كەلگەندە سۆز قوشۇش، سۆزلەرنى تاشلاپ قويۇش، سۆز تۈركۈملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش مۇمكىن. تەرجىمە ماھارىتىگە دائىر بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە كېيىنكى ماقالىلاردا تەپسىلى توختىلىمىز.

# تەرجىمىدە سوز تاللاش مەسىلىسى

بەزى سوزلەر شەكىل جەھەتتىن باشقا-باشقا بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدا چىڭ، مۇستەھكەم، پۇختا، پىششىق، مەزمۇت؛ يۇز، چىراي، رەڭگى، ئۇزايى؛ ئىگىز، يۇقۇرى، ئۇستۇن؛ چىرايلىق، گۇزەل، كېلىشكەن، ئۇز...... خۇددى شۇنىڭدەك، خەنزۇچىدىمۇ مەنىداش سوزلەر كوپ ئۇچرايدۇ: “增加, 增多; 一般, 普遍; 保障, 保证, 保护, 拥护, 维护; 生殖, 繁殖; 生产, 生育; 培养, 培植……”

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىسى بىر بىرىگە يېقىن سوزلەر كوپ بولسىمۇ، تەرجىمىدە ھەر بىرى دەل جايىدا ئىشلىتىلمىسە، خەنزۇچىدىكى ئەسلى مەنە جانسىز چىقىپ قېلىشى، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن خاتالىقلار تۇغۇلۇشى مۇمكىن. چۇنكى بەزى سوزلەر كورۇنۇشتە مەنە جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ پەرقى ئاز بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن مەنىداش سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇشىغا ۋە ئوخشىشىپ كېتىشىگە ياكى مەنە جەھەتتىن چوڭراق پەرقلىنىشىگە قاراپ يەنە ئىككى تۇرلۇك

بولىدۇ. مەسىلەن:

“父亲，爸爸，爹；母亲，妈妈，娘；老把式，老行家，内行，里手，能手，老手；长虫，蛇” بۇلار مەنىسى پۈتۈنلەي يېقىن سۆزلەر.

يەنە بىر تۈرى مەنە جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن يەنە پەرقلىق بولغان سۆزلەر. مەسىلەن:

“希望，期望，盼望 清楚，清晰；符合，适合……”

تەرجىمىدە بىرىنچى تۈرلۈك مەنىداش سۆزلەردە پەقەت لەھجە مەسىلىسى بىلەن جۈملىدىكى ئورۇن، پەيت مەسىلىسىنى ئېتىۋارغا ئالمىغاندا، مەسىلە تۇغۇلمايدۇ، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ”دادا“ نى ”ئاتا“ دېيىشىمۇ، “父亲，爸爸，爹” “老把式，老行家，内行，里手，能手，老手” دېيىشىمۇ مۇمكىن، سۆزلىرىنى ”ماھىر“ دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ، ”ئۇستا“، ”باشى“ دەپ تەرجىمە قىلىشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەنە جەھەتتىن بۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، كونكرېت لەھجە، كونكرېت ئورۇن ۋە پەيتلەردە مۇۋاپىق قوللىنىلمىسا، تەرجىمىنىڭ بەدىئىلىكىنى، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىستىلىنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرپان لەھجىسىدىن بېرىلگەن سۆزدە ”دادا“ دەپ ئېلىش، قەشقەر لەھجىسىدە بېرىلگەن سۆزدە ”ئاتا“ دەپ ئېلىش مەسىلىسىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، جىددى سىياسى ئەسەرلەردە، قانۇنىي كۇچكە ئىگە ھوججەتلەردە "ماھىر"، "ئۇستا" سوزىنى "باشى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەنىداش سوزلەرنىڭ ئىككىنچى تۇرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ئەھۋال باشقىچىرەك بولىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك مەنىداش سوزلەر توپ مەنە جەھەتتىن تولۇق ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەرجىمىدە ھەممىلا ۋاقىت بىردەك قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، "希望, 期望, 盼望, 愿望" سوزلىرى ئاساسىي جەھەتتىن "ئارزۇ-ئۇمىت" مەنىسىنى بىرىدۇ. لېكىن بۇنداق سوزلەرنى تەرجىمىدە كونكىرىت جۇملىگە، جۇملىدىكى مۇناسىۋەتلىك سوزلەرنىڭ ئالاقىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوزگىرىدىشىگە قاراپ جانلىق قوللانمىغاندا، گەپتە سوز باغلانمايدىغان، ئۇقۇم تۇتۇقلىشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: "妨碍, 妨害, 阻碍" سوزلىرى "دەخلى قىلىش"، "توسقۇنلۇق قىلىش" دىگەن توپ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەگەر شۇ سوز بىرەر كىچىك بالىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا، "دەخلى قىلىش" ياكى "توسقۇنلۇق قىلىش" دەپ چىقماستىن، "كاشىلا قىلىش"، "پۇتلىشىش"، "توسۇش" دەپ چىقىشى مۇمكىن. دىمەك، تەرجىمىدە مەنىداش سوزلەر ئورۇن، پەيت ۋە باشقا ئالاھىدە ئەھۋاللارغا قاراپ جانلىق قوللىنىلمىسا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، ئىستىلىغا ھەتتا مەنىسىگىمۇ تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

مەنىداش سوزلەر، كونكىرىت ئەھۋالغا ئاساسەن، تۇرلۇك

فورمىلاردا قوللىنىلىدۇ.

(1) مەنىداش سوزلەر كونكرېت ئورۇنـدا چەكلىك ئىشلى-تىلىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇچىدا ”发展“ بىلەن ”发达“ سوزى كوپ ۋاقىتتا مەنە جەھەتـتىن پەرق قىلمايدۇ. ”工业发达了“ دەپ يېزىلىشـمۇ مۇمـكىن؛ ”工业发展了“ دەپ يېزىلىشـمۇ مۇمكىن؛ ”党支部发展了一个党员“ دەپ يېزىلىشمۇ مۇمكىن. ئۇيغۇرچىدا ”سانائەت راۋاجـلانـدى“ دەپ تەرجـمە قىلىشـمۇ مۇمـكىن، ”سانائەت تەرەقـقى قىلدى“ دەپ تەرجـمە قىلىشمۇ مۇمكىن، لېكىن ”پارتىيە ياچېيكىسى بىر ئەزا راۋاجلاندۇردى“ ياكـى ”......بىر ئەزا تەرەقـقى قىلـدۇردى“ دەپ تەرجىمە قىلىنسا قاملاشمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا، تەرجىمىدە ”مەنىدىن مەنە چىقىرىش“ ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىـدۇ. مەنىداش سوزلەرنىڭ چەكلىمىسىنى ”مەنىـدىن مەنە چـقىرىش“ ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.

(2) مەنىداش سوزلەر مەنە جەھەتـتىن تار ۋە كەڭ بولۇپ پەرقلىـنىدۇ. مەسـىلەن: خەنـزۇچـىدا: ”房屋“ سوزى بىلەن ”房子“ سوزى مەنىسىنىڭ كەڭ-تارلىغى جەھەتـتىن پەرقلى-نىدۇ. بىرىنـچىسى ئومۇمەن ”ئوي-جاي“غا قارىتىلسا، ئىككىن-چىسى پەقەت ”ھوجرا“، ئوي-جاينىڭ بىرەر ئېغىزىغا قارىتىلىدۇ. تەرجىمىدە بۇنى پەرقلەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلا ئەمەس، ھەتتا خەنزۇچە مەلۇم سوزلەرنى ئۇيـغۇرچـىدا ئورنـىغا قاراپ كەڭ ياكى تار مەنىنى بېرىدىغىنىنى تاللاش لازىم. مەسىلەن:

"大" سوزىنى ھەممىلا جايدا "چوڭ" دەپ تەرجىمە قىلىش يارىمايدۇ. بۇ سوز ئۇيغۇر تىلىدا "چوڭ"، "زور"، "يوغان"، "ئۇلۇغ" دەپ چوڭ-كىچىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

(3) مەنىداش سوزلەر ۋەزنى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

"我国的工业和农业完全恢复了。" "مەملىكىتىمىزنىڭ سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى تامامەن ئوز ھالىغا كەلتۈرۈلدى."

"我国的农业，畜牧业走向了合作化的道路。" "مەملىكىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا ماڭدى."

بىرىنچى مىسالدا "农业" سوزى "يېزا ئىگىلىكى" دەپ تەرجىمە قىلىنغان؛ ئىككىنچى مىسالدا "دېھقانچىلىق" دەپ تەرجىمە قىلىنغان. "يېزا ئىگىلىكى" بىلەن "دېھقانچىلىق" مەنە جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن كەڭ-تارلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى "يېزا ئىگىلىكى "نىڭ مەنىسى "دېھقانچىلىق"قا قارىغاندا ناھايىتى كەڭ. شۇنىڭدەك "思想" سوزىنى ئىسىم ئورنىدا تەرجىمە قىلغاندا "ئىدىيە"، "پىكىر"، "روھىي ھال" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن "ئىدىيە" سوزى پۈتۈن بىر سىستېمىلىق ۋەقەنى ئۇقتۇرسا، "پىكىر"، "روھى ھال" سوزلىرى ئۇنىڭدىن تارمەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. "文化" سوزىنىڭ "مەدەنىيەت"، "بىلىم"، "ساۋات" دەپ تەرجىمە قىلىنىشىمۇ شۇنداق ئەھۋالنى ئۇقتۇرىدۇ. خەنزۇچە بىر سوز

ياكى مەنىداش بولغان تۇرلۇك سوزلەر ئۇز لايىغىدا توغرا تەر-
جىمە قىلىنمىسا، خاتالىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن:
بۇ يەردە "大多数农民没有文化，必须开展扫盲运动。"
"文化" سوزى "مەدىنىيەت" دەپ تەرجىمە قىلىنسا، خاتالىق
يۈز بېرىدۇ.

(4) مەنىداش سوزلەرنىڭ ئىموتسىيىسى (ھىسسى خۇسۇسى-
يىتى) مەسىلىسى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا سوزلەرنىڭ ئىموتسىيىسى
بولىدۇ. ئۇ سوزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ ۋەزنى، كەڭ-تارلىغى ۋە
باشقا تەرەپلىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدار. مەسىلەن:

— سېنى بوغۇزلۇۋېتىمەن! "我宰了你!"

ئۇ بىر قوي سويدى. "他宰了一只羊。" بۇ يەردە
"宰了" سوزى ئىككى خىل تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى "بوغۇز-
لاش" سوزى يىرگىنىشلىك بىر ئەھۋالدىن، قاتىللىقتىن دېرەك
بەرسە، "سويۇش" سوزى ئادەتتىكى بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدۇ.

دېمەك، تەرجىمىدە مەنىداش سوزلەرنى قوللىنىشتا، سوز-
نىڭ ئىموتسىيىسىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

*　　*　　*

مەنىداش سوزلەر مەسىلىسىدە مۇنداق بىر ئەھۋال كوپ
ئۇچرايدۇ. بەزىدە، خۇددى مۇشۇ تېمىمىزنىڭ بېشىدا سوزلەن-
گەندەك، خەنزۇچىدىكى بىرقانچە مەنىداش سوز ئۇيغۇرچىدا بىر
سوز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇچە "长虫" "蛇" سوز-

لىرى ئۇيغۇرچىدا ”يىلان“ دىگەن بىرلا سوز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ سوز ئادىتى. خۇددى شۇنىڭدەك، خەنزۇچە بىرلا سوز ئۇيغۇرچىدا بىرقانچە مەنىداش سوز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇچە ”国家“ سوزى ئۇيغۇرچىدا ”دولەت“، ”مەملىكەت“، ”ئەل“ دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، خەنزۇچە ”压迫“ سوزى ”ئېزىش“، ”زۇلۇم“ دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، ”经济“ سوزى ”ئىقتىسات“، ”ئىگىلىك“ دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؛ بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ئادىتى. تەرجىمىدە تىلنىڭ مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش ناھايىتى زورۇر.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىزدە خېلى كوپ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئىككى خىل ئېقىمدىن ساقلىنىش كېرەك: بىرى خەنزۇچە بىر سوزگە ئۇيغۇرچە بىر سوزنى باغلاپ قويۇش، شۇنىڭ بىلەن تىل بايلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرماسلىق؛ يەنە بىرى تىل بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىمەن دەپ، مەنىداش سوزلەرنى تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا قارىماي ئىشلىتىش.

مەلۇم ژانىردىكى ماقالىلاردا خەنزۇچە بىر سوزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سوزنى باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش مۇمكىن ۋە شەرت؛ لېكىن بۇنداق ئەھۋال، كوپىنچە، تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، مەخسۇس ئاتالغۇلار، مەلۇم ئىلمى ئۇقۇمىنى بىلدۇرىدىغان مەخسۇس سوزلەر بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇنداق مەخسۇس ئاتالغۇلاردا خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سۆز مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇلمىسا، خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە توختالمايمەن. بەزى ئادەتتىكى سۆزلەردە خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدىمۇ بىر سۆزنى باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇش مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەسىلەن: يەنە يۇقۇرقى مىسالنى ئالساق، ئەگەر "发展" سۆزىنى ھەممە جايدا "راۋاجلاندۇرۇش" ياكى "تەرەققى قىلدۇرۇش" سۆزى بىلەن چەكلەپ قويساق، "党支部发展一个党员" دېگەن جۈملىنى "پارتىيە ياچېيكىسى بىر ئەزا راۋاجلاندۇردى" دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بۇزۇپ قويىدۇ. "مەملىكەت" سۆزىنى "国家" سۆزى بىلەن چەكلەپ قويساق، "国家是阶级的统治工具" دېگەن جۈملىنى "مەملىكەت سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىش قورالى" دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ.

تەرجىمىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان "一定" سۆزىنى مىسالغا ئالايلى.

(1) "我一定回来". "چوقۇم (جەزمەن) قايتىپ كېلىمەن".

(2) "人与人之间要发生一定的社会关系."

"كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئىجتىمائى مۇناسىۋەت پەيدا بولىدۇ."

(3) "要用货币来体现商品的价值，不一定要握有现金。"

”تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن نەق پۇل كېرەك بولۇشى ناتايىن.“

（4）“生产关系一定要适合生产力性质的规律，就是社会发展的经济规律。”

”ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئەلۋەتتە مۇۋاپىق كېلىشى قانۇنى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىدۇر.“

（5）“在国家工作人员当中一定要克服官僚主义.”

”دۆلەت خادىملىرى ئارىسىدا بىيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش كېرەك.“

يۇقىرىدىكى 5 مىسالدا 5 جايدا كەلگەن بىرلا ”一定“ سۆزى ھەممىلا جايدا ”چوقۇم“ ياكى ”جەزمەن“ دەپ ئېلىنماستىن، ”چوقۇم“، ”مەلۇم“، ”ناتايىن“، ”ئەلۋەتتە“، ”كېرەك“ دەپ تۈرلۈكچە ئېلىنغان. ئەگەر ئۇنداق تەرجىمە قىلىنمىسا، بىرىنچى ئېقىم بويىچە، جۈملىنىڭ ئىستىلىستىكىسىنى بۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلدە، مەخسۇس ئاتالغۇلاردىن باشقا ئادەتتىكى سۆزلەردە، خەنزۇچە بىر سۆزگە ئۇيغۇرچىدا بىر سۆزنى بېكىتىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى، ئىككىنچى ئېقىمغا كەلسەك، بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى مەنىداش سۆزلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشىمۇ، لېكىن ئۇلارنى مۇۋاپىق قوللانمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىنى، بەدىئىلىگىنى بۇزۇپ، گەپنىڭ مەنىسىنى تۇتۇقلاشتۇ-

روۋپ قويىدۇ.

"王明和李生上合作社去了。"

"ۋاڭ مىڭ ۋە لى شېڭ كوپېراتىپقا كەتتى."

"中国共产党必须……促进各少数民族的经济和文化的发展……。"

"جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.....ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشى.....لازىم."

ئۇيغۇر تىلىدا "ۋە"، "بىلەن"، "ھەم" دېگەن تەڭداش باغلىغۇچىلار بار. ئەگەر بۇ سۆزلەر جايىدا ئىشلىتىلمىسە، خۇددى بىرىنچى مىسالدىكىدەك خاتالىق يۈز بېرىدۇ. بىرىنچى مىسالدا "和" سۆزى ئىككەيلەننىڭ كوپېراتىپقا كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ لېكىن ئۇيغۇرچىدا "ۋە" سۆزى ئىشلىتىلگەچكە، مەنە غۇۋا بولۇپ قالغان. تەرجىمىدە مەنىداش سۆزلەرنى ۋەزنىگە، مەنىسىنىڭ كەڭ-تارلىقىغا قاراپ ئىشلەتكەندە، تەرجىمىنىڭ بەدىي كۈچىنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ.

"资本主义生产的直接目的，不是生产商品，而是生产剩余价值或在发展形式下的利润；不是生产商品，而是生产剩余产品。从这个观点看来，劳动本身只是在它给资本创造利润或剩余产品的情形下，才是生产的劳动。"

"كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاسىتە مەقسىدى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى قوشۇمچە قىممەت ياكى كېڭەيتۈرۈلگەن فورمىدىكى پايدا ئۇندۇرۇشتۇر؛ مەھسۇلات ئەمەس،

بەلگى قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتۇر. شۇ نۇقتىسىنەزەردىن ئەمگەكنىڭ ئۆزىمۇ كاپىتالغا پايدا ياكى قوشۇمچە مەھسۇلات يارىتىپ بەرگىنى ئۈچۈنلا ئۈنۈملۈكتۇر.»

بۇ جۈملىدە ”生产“ سۆزى ”ئىشلەپچىقىرىش“، ”ئۈندۈرۈش“، ”ئۈنۈم“ دەپ تۈرلۈكچە تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى گەپ (جۈملە)نىڭ تۈزۈلۈشى، ئىستىلىستىكىسى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

“我们所以要建设社会主义经济，归根到底，是为了最大限度地满足整个社会经常增长的物质和文化的需要，而为了达到这个目的就必须不断地发展社会生产力，不断地提高劳动生产率，就必须在高度技术的基础上，使社会主义生产不断地增长，不断地改善。”

”سوتسىيالىستىك ئىگىلىك قۇرۇشتىن مەقسىدىمىز، يىغىنچاق قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن جەمىيەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ماكسىمۇم دەرىجىدە تەمىنلەشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جەمىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى داۋاملىق ئۇستۇرۇش لازىم؛ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەك تېخنىكا ئاساسىدا ئالغا سۈرۈش ۋە داۋاملىق ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.“ (جۇ ئېنلەي: «زىيالىلار مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات»)

بۇ مىسالدا ئىككى جايدىكى ”增长“ سۆزى ”ئۆسۈۋاتقان“، ”ئالغا سۈرۈش“ دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان. كېيىنكى ”增长“

سوزنى ”ئوستۇرۇش“ دەپ تەرجىمە قىلىش قىيىن. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىشنى ”ئوستۇرۇش“ مۇمكىن ئەمەس، ”ئالغا سۇرۇش“، ”راۋاجلاندۇرۇش“ مۇمكىن. بۇنداق تەرجىمە قىلىش مەنتىقى ئۇقۇم ۋە ئىستىلىستىكا تەلۋىگە باغلىق. يەنە مەسىلەن:

“高级知识分子在有些部门增加得特别快……只是工程师就已增加到497人……。”

”......يۇقۇرى بىلىملىك زىيالىلار...... قىسمەن ئورۇنلاردا بولسا، تېخىمۇ تېز كوپەيىدى......يالغۇز ئىنژىنىرلارلا 497 گە يەتكەن“ (يەنە شۇ كىتاب 21 ـ بەت)

بۇ مىسالدا ”增加“ سوزى بىرىنچى ئورۇندا ”كوپەيدى“ دەپ، ئىككىنچى ئورۇندا ”يەتتى“ دەپ ئېلىنغان. چۈنكى ئىككىنچى ئورۇندا ”......ئىنژىنىرلار 497 گە كوپەيدى“ ياكى ”ئىنژىنىرلار كوپىيىپ 497 گە يەتتى“ دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدا گىراماتىكا جەھەتتىنمۇ، مەنتىقى مەنە جەھەتتىنمۇ كەمچىلىك ئۇچرىمايدۇ، لېكىن جانلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتتىن قارىغاندا، ”يەتتى“ دەپ تەرجىمە قىلىنىشى ناھايىتى چىرايلىق. بۇنىڭدا مەنىمۇ قاچمىغان، جۈملىنىڭ بەدىئىلىكىمۇ ساقلانغان.

يۇقۇرىدىكى ئىككى مىسالدىن يەنە شۇنى كورۇش مۇمكىنكى، خەنزۇچىدا مەنداش بولۇپ كەلگەن سوزلەر ئۇيغۇرچىدا ھەممىلا جايدا مەنداش بولۇپ كەلمەيدۇ. مەسىلەن: خەنزۇچىدا “顽固” بىلەن “顽强” ؛ “对比” بىلەن “对立” ؛

”价格“ بىلەن ”价值“ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەنى-داش سوزلەر ئۇيغۇرچىدا مەنىداش بولماي قالىدۇ. مەسىلەن: ”قىممەت“ بىلەن ”باھا“، ”قارىمۇ-قارشى“ بىلەن ”سېلىشتۇ-رۇش“، ”كۇچلۇك“ بىلەن ”جاھىل“ سوزلىرى مەنىداش ئەمەس. بۇ سوزلەر ئۇقۇم جەھەتتىن باشقا-باشقا مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ. بۇمۇ ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

تەرجىمىدە بۇنداق ئەھۋاللار كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ”مەنىدىن مەنە چىقىرىش“ ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.

# تەرجىمە ئۇسۇلىغا دائىر

يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشىدا ھىساپ قائىدىلىرىگە ياكى فورمۇلىلىرىغا ئوخشاش بەلگىلىك قېلىپ بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. خۇددى شۇنداق ئىجادىي يېزىقچىلىقتا ئوخشاش، تەرجىمە ئىشىدىمۇ ئوخشاش بىر ئەسەر، ئوخشاش بىر جۈملىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈملە قانچىكى مۇرەككەپ بولسا، جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا يارىشا تەرجىمىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇچە تۈرلۈك جۈملە شەكىللىرىنى بىر-بىرلەپ تىزىپ چىقىش، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن ھىساپ فورمۇلىسىغا ئوخشاش قېلىپ سۈپەتىدە تەرجىمە ئۇسۇللىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس. تەرجىمىنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان بەزى يولداشلار: ”خەنزۇچە جۈملىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ تەرجىمە ئۈلگىسى بولغان بولسا قانداقمۇ ياخشى بولاتتى!“ دەيدۇ. ئۇنداق بولسا، خەنزۇ تىلىدا زادى قانچە جۈملە بارلىغىنى كىم ھىساپلاپ چىققان؟ ھىساپلاپ چىققان، زوردىن-زورغا بىرقانچە فورمۇلا كۆرسىتىپ بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، كىم

شۇ فورمۇلىدىن چىقماي ماقالا، ئەسەر يېزىپتۇ؟ بۇنىڭغا توغرا جاۋاپ تېپىش قىيىن. ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس گىرام-ماتىكىسى بولىدۇ، شۇ گىراماتىكىلارنى تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، سىنتاكسىس قائىدىلىرى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، مەلۇم بىر كونكرېت تىلدا مەلۇم ساندىكى جۈملە فورمۇلىلىرى ئەمەس، جۈملە شەكىللىرىنىڭ مىساللىرى بايان قىلىپ بېرىل-گەنلىكىنى كۆرىمىز. خەنزۇ تىلىنى ئالساق، ھەتتا ئومۇر بويى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا ياكى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەر-جىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان تەرجىمانمۇ خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدا زادى قانچە جۈملە بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە پېتىنالمايدۇ. دېمەك، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ھەرقانداق جۈملە شەكلىگە باپ كېلىدىغان مەلۇم مىقداردىكى فورمۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەس. بۇ ئەھۋال ھەرقانداق تىل ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە. بۇ يەردە مۇشۇنداق ئورتاق ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

يولداش ستالىننىڭ 1937-يىل 11-دېكابىر كۈنى س س س ر ئىتتىپاق سوۋېتى ۋەكىللىرىنى ۋە مىللەتلەر سوۋېتى ۋەكىللىرىنى سايلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سايلام رايونىدا سۆزلى-گەن بىر ئابزاس سۆزى، ھازىرچە قولۇمدا بولغان قوللانمىلارغا ئاساسەن ئالغاندا، خەنزۇچە ئىككى ئەسەردىكى تەرجىمىسى ئىككى خىل بولۇپ چىققان. «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىست (بولشېۋىكلەر) پارتىيىسىنىڭ تارىخى. قىسقىچە كۇرس»نىڭ

خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى (466 ـــ 467 ـ بەت)دا مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

“选举人，人民，应当要自己的代表们始终称职；要他们在自己的工作中不堕落为政治上的庸人；要他们始终不愧为列宁式的政治活动家；要他们始终做一个象列宁那样明显确定的活动家；要他们象列宁那样在战斗中大胆无畏，对人民公敌毫不留情；要他们在事情开始复杂化，当地平线上呈现某种危险的时候，一点也不慌张，丝毫也不慌张；要他们象列宁那样丝毫也不慌张；要他们在解决复杂问题，需要周密认清环境，周密计较各个正反方面时，能象列宁那样明哲镇定；要他们象列宁一样正直忠诚；要他们象列宁那样爱护自己的人民。”

ئەمدى يەنە شۇ بىر ئابزاس سوزنىڭ يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دىگەن مەشھۇر ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەرجىمىسىگە قاراڭ (خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ 1980 ـ يىل مارت نەشرى، 9 ـ بەت):

“选民，人民，应当要求自己的代表始终胜任自己的任务；要求他们在自己的工作中不堕落为政治上的庸人；要求他们始终不愧为列宁式的政治活动家；要求他们成为象列宁那样的明朗和确定的活动家；要求他们象列宁那样在战斗中无所畏惧和对人民的敌人毫不留情；要求他们在事情开始复杂化、在地平线上出现某种危险的时候，毫不惊慌失措，毫无任何类似惊慌失措的迹象，要求他们也象列宁那样没有任何类似惊慌失措的迹象；要求他们在解决复杂问题、需要全面地确定方针、全面地考虑事情的正反面的时候，也能象列宁那样英明和从容；要求他们也象列宁那样诚实和正直；要求他们象列宁那样热爱自己的人民。”

يەنە شۇ بىر ئابزاس سوز سوۋېت ئىتتىپاقى «قازاق ئېلى» ژورنىلى نەشرىياتى 1949 ـ يىلى نەشىر قىلغان «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىست (بولشېۋىكلەر) پارتىيىسىنىڭ تارىخى. قىسقىچە كۇرس»تا (674 ـــ 675 ـ بەتلەرگە قاراڭ) مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

”سايلىغۇچىلار، خەلق ئۆز دېپۇتاتلىرىدىن: دېپۇتاتلارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىگە مۇناسىپ ئىش قىلىشلىرىنى؛ ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدا سىياسى ئوبىۋاتىللار دەرىجىسىگە چۈشۈپ كەتمەسلىكلىرىنى؛ ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش جەڭدە قورقماس ۋە خەلق دۈشمەنلىرىگە شەپقەتسىز بولۇشلىرىنى؛ ئىش مۇشكۇللىشىشكە باشلىغاندا ۋە ئۇپۇقتا قانداقتۇ بىر خەتەرلىك كورۈنگىلى باشلىغاندا ھېچقانداق ھەسرەت چەكمەستىن، ھەسرەتكە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىدىن خالى بولۇشلىرىنى؛ ئۇلار ھەسرەتكە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىدىن لېنىن خالى بولغاندەك خالى بولۇشلىرىنى؛ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، ھەر ياقلاپ مولچەرلەش ۋە بارلىق پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى ھەر ياقلاپ ھىساپقا ئېلىش لازىم بولغاندا، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش دانىشمەن ۋە سەۋرى ـ تاقەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇشلىرىنى؛ شۇنىڭدەك، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش ھەققەتچى ھەم ساپدىل بولۇشلىرىنى؛ شۇنىڭدەك، ئۇلار ئۆز خەلقىنى لېنىن ياخشى كورگەندەك، ياخشى كورىدىغان بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىشلىرى كېرەك.“

خۇددى يەنە شۇ بىر ئابزاس سوز سوۋېت ئىتتىپاقى «يېڭى هايات» ژورنىلى نەشرىياتى 1954-يىلى نەشر قىلغان «پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىست (بولشېۋىكلەر) پارتىيىسىنىڭ تارىخى. قىسقىچە كۇرس»تا (502—503-بەتلىرىگە قاراڭ) مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

"سايلىغۇچىلار، خەلق ئۆز دېپۇتاتلىرىدىن: دېپۇتاتلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ دەرىجىسىدە بولۇشىنى؛ ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدا سىياسى شەخسىيەرەسلەر دەرىجىسىگە چۈشۈپ كەتمەسلىگىنى؛ ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش سىياسى ئەرباپلار ئورنىدا تۇرۇشىنى؛ ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش جەڭدە قورقماس ۋە خەلق دۈشمەنلىرىگە شەپقەتسىز بولۇشىنى؛ ئىش مۇشكۇللىشىشكە باشلىغاندا ۋە ئۇپۇقتا قانداقتۇ بىر خەتەرلىك كورۇنگىلى باشلىغاندا هەرقانداق ۋايىدىن، ۋايىغا ئوخشاش هەرقانداق نەرسىدىن لېنىن خالى بولغاندەك، خالى بولۇشىنى؛ مۇرەككەپ مەسىلەرنى هەل قىلغاندا، هەر تەرەپلىمە مولچەرلەش ۋە پارلىق پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى هەر تەرەپلىمە هىساپقا ئېلىش لازىم بولغاندا، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش دانىشمەن ۋە سەۋرى-تاقەت بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇشىنى؛ شۇنىڭدەك، ئۇلار لېنىنغا ئوخشاش هەقىقەتچى هەم پاك دىللىق بولۇشىنى؛ شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆز خەلقىنى لېنىن ياخشى كورگەندەك، ياخشى كورىدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىشلىرى كېرەك."

يەنە شۇ بىر ئابزاس سوزنىڭ ئۆزى بېيجىڭ مىللەتلەر

نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئاپرېلدا قايتا نەشر قىلـغان «كومـمۇ-نىستلارنىڭ تەربىيەـلىنىشى توغـرىسىدا»دا (15 ـ بەتـكە قاراڭ) تۇۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىنغان:

"سايلىغۇچىلار، خەلقلەر ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ ھەرقاچان ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىشىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدە سىياسى جەھەتتىكى چاكىنا ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ھەممە ۋاقىـت لېنىنـچە سىياسى ئەربابـقا مۇناسـىپ ئىـش قىلىـشىنى تەلەپ قىلىـشى؛ ئۇلارنىڭ لېنىندەك ئوچۇق ۋە قەتئىي ئەرباپ بولۇشـىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ لېنىنغا ئوخشاش، جەڭـلەردە قورقـماس ۋە خەلق دۈشـمەنـلىرىگە رەھىمـسىز بولۇشـىنى تەلەپ قىلىـشى؛ ئۇلارنىڭ ئەھۋال مۇرەككەپلىشىشكە باشلىـغان، ئۇپۇقـتا بىرەر خەۋپ كورۇلگەن ۋاقىتلاردا ھېچبىر ھولۇقۇپ كەتمەسلىكىنى ۋە ھەرقانداق شۇنىڭغا ئوخشاش كەيپىياتلاردا بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىشى، ئۇلارنىڭ يەنە خۇددى لېنىنغا ئوخشاش ھېچبىر ھولۇ-قۇش ۋە شۇنىڭ سىگارى كەيپىياتلارنى بىلمەيدىغان بولۇشـىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، فاگچېنلارنى ئەتراپلىق قىلىپ بەلگىلەش، ئىشـنىڭ ئىـجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىش توغرا كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ لېنىنغا ئوخشاش دانا ۋە بىمالال بولۇشـىنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ يەنە لېنىنـغا ئوخـشاش سەمىـمى ۋە توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىشى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنى لېنىنـغا ئوخ-

شاش سويۇشنى تەلەپ قىلىشى لازىم.“

رۇسچە بىر ئابزاس سوز، مەيلى يۇقۇرقىدەك «قىسقىچە كۇرس»قا كىرگۈزۈلگەن بولسۇن، مەيلى يولداش ستالىنىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى يولداش ليۇ شاۋچىنىڭ ئەسەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، ئەينەن شۇ بىر ئابزاس سوز. ئۇنىڭدا ئەسلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. شۇنداق ئىكەن، ئوخشاش بىر ئابزاس سوز مەيلى خەنزۇچە تەرجىمىلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدە بولسۇن، سوز-ئاتالغۇلىرى جەھەتتىن، جۇملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن بىر بىرىدىن خېلى كوپ پەرقلىق بولۇپ چىققان. ئەگەر يەنىمۇ تەپسىلى ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، يەنىمۇ پەرقلىق تەرجىمىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ۋە يەنىمۇ باشقىچىرەك شەكىلدە تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇ ھادىسە تەرجىمىدە مۇئەييەن قېلىپنىڭ، ئۇنداق ئاسان يولنىڭ يوقلۇغىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ گەپتىن تەرجىمە ئۇچۇن ئۇلگە تېپىشتىن ئۇمىت يوق دىگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. تەرجىمە ئەمىلىيىتىگە، تەرجىمە ئەمىلىيىتىدىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئوز لايىغىدا مەلۇم ئۇسۇللارنى يەكۇنلەش مۇمكىن. مېنىڭ تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى كوپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەسلى سەۋىيەمنىڭ تووەنلىگى سەۋەبىدىن، ”تەرجىمە ئۇسۇلى“ دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ رەسمىي بىرەر قائىد-

دىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. لېكىن پارلاق ئىلىم-پەن دەۋرىنىڭ باشلىنىشى، ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، چەكلىك تەجرىبەمگە ئاساسەن، تېخىمۇ مۇكەممەل قائىدە-ئۇسۇللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولار دىگەن ئۈمىتتە قوشۇمچە پايدىلىنىش ئۈچۈن بەزىبىر "ئۇسۇل"لارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

## تولۇقلاش ئۇسۇلى

تەرجىمىدىكى "تولۇقلاش ئۇسۇلى" تەرجىمە ماھارىتىنىڭ بىر ئاملى. تەرجىمە ئىجادىي خىزمەت بولغاچقا، بىرەر سۆزنى قوشماي ياكى ئېلىۋەتمەي، سۆزمۇ-سۆز قىلىنغان تەرجىمە كۆپ ھاللاردا يىرىك ياكى ئەسلىگە سادىق بولمىغان تەرجىمە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېكىست مەزمۇنىنى بۇزۇپ قويىدۇ، خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئەسلى ئەسەرنىڭ مەنىسىنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ، تەرجىمىنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار، ئاساسەن، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىش ئادىتى بويىچە زورۇرىيەتكە ئايلىنىدۇ. سۆزلەر مەنىسىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن، لوگىكىلىق ئۇقۇم، گىراماتىكىلىق قائىدە، سۆز مەنىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئىزاھلاش يۈزىسىدىن قوشۇلىدۇ. شۇڭا، مەيلى خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن

ياكى ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا بولسۇن، جۈم-لىدىكى سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىن ”تولۇقلاش“تىن خالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بەزىلەر بۇ ئۇسۇلنى رىيال ھادىسە دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ-يۇ، كىتاپخانىلار چۈشەنمەي قالارمىكىن دىگەن ئەندىشىگە كېلىپ، بىر ياكى بىرنەچچە سۆز بىلەنلا تەرجىمە قىلىش زورۇر بولغان سۆزلەرنى بىر تالاي سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە شۇنداق قىلغاندا ئاندىن خەنزۇچىغا يارىشا مەنىنى تولۇقلاپ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ”彩头“ سۆزى ئەسلىدە ”سويۇنچە“، ”خوشخەۋەرلىك“ دىگەن سۆز. لېكىن بەزىلەر ”ئۇتۇق ياكى غەلىبە قازانغاندا بېرىلىدىغان نەرسە“ دەپ تەرجىمە قىلىشنى ياخشى كورىدۇ؛ گەپ دوختۇرخانا، بالىنىس ياكى كېسەلخانا ئۈستىدە كېتىۋاتسىمۇ، ”病床“ سۆزىنى ”كېسەل كارۋىتى“ دەپ تەرجىمە قىلىشقا مايىل بولىدۇ ۋاھاكازا. يەنە بەزىلەر يۇقۇر-قىدەك خاھىشنىڭ ئەكسىچە، خەنزۇچىدا نىمە سۆز بولسا، ئۇيغۇرچىدا مەنىنىڭ تولۇق ئىپادىلەنمەسلىكىدىن قەتئىي نەزەر، بىر سۆزگە بىر سۆزنى توغرىلاپ تەرجىمە قىلىدۇ. ”引进“ سۆزى، كوپ ھاللاردا، ”ئېكىسپورت قىلىش“، ”چەتئەلدىن ئېلىش“ مەنىسىنى بېرىدۇ. ۋاھالەنكى بەزىلەر ”ئېكىسپورت“نى ”进口“ بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ دىگەن ئاساس بىلەن ”ئېكىسپورت“ دەپ تەرجىمە قىلىشتىن قاچىدۇ-دە، ”كىرگۈ-زۈش“ دىگەن سۆز بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇنداق خاھىشتىكى

تەرجىمانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكى "كىرگۈزۈش"نىڭ مەنىسى روشەن، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش-بېرەلمەسلىكى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان "تولۇقلاش ئۇسۇلى" تەرجىمىدە خالىغانچە سوز قوشۇپ تولۇقلاش، يوق يەردىن سوز ئۇندۇرۇش دېگەن گەپ ئەمەس. ئايرىم خەت ياكى سوزنىڭ ئەسلى تېكىستتە بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، مەنىنى كونكرېت، ئېنىق، توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش، مەنىنىڭ مۇجمەل بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن، تەرجىمىدە مۇۋاپىق سوز قوشۇپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

"马克思列宁主义并没有结束真理,而是在实践中不断地开辟认识真理的道路。"

"ماركسىزىم-لېنىنىزىم ھەقىقەتنى بىلىشنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىش يولىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئېچىپ بېرىدۇ."

ئۇيغۇر تىلىدا "ھەقىقەتنى ئاياقلاشتۇرۇش" دېگەن سوز مەنىتىق جەھەتتىن ئېنىق بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە خەنزۇچىدا "结束真理" دېگەن سوز پۈتۈن جۈملىدىكى مەنىدىن ئالغاندا "ھەقىقەتنى بىلىشنى ئاياقلاشتۇرۇش" دېگەن چۈشەنچىدە بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇرچىدا مەنە ئېتىۋارى بىلەن "بىلىش" سوزىنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

"那个机器转动得极快,一点也看不出。"

ئەگەر "ئۇ ماشىنا ناھايىتى تېز ئايلىناتتى، بىر ئازمۇ كور-گىلى بولمايتتى" دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا مەنە روشەن-لەشمەيدۇ. "ئۇنىڭ ئايلىنىشى" دېگەن سوز بىلەن تولۇقلىساق، مەنىنىڭ روشەنلىشىشى تۇرغان گەپ.

"有的同志两眼向上，两手向外，缺乏创业精神……。"

"بەزى يولداشلار ئىككى كوزىنى يۇقۇرىغا تىكىدۇ، ئىككى قولىنى تاشقىرىغا سۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك يارىتىش روھى كەم."

"他还具体阐述了自力更生与引进技术的关系。"

"ئۇ ئوز كۇچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش بىلەن چەتئەلدىن ئىلغار تېخنىكا ئېلىش (ياكى كىرگۈزۈش، قوبۇل قىلىش) نىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ كونكرېت شەرھلەپ بەردى."

"不应要求群众的批评全部正确，否则就会堵塞言路。"

"ئاممىنىڭ تەنقىدىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا پىكىر يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ." بۇ تەرجىمىدىن قانداق مەنىنى چۈشىنىش مۇمكىن؟ بىرىنچىدىن مەنە ئېنىق ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، "تەلەپ قىلمىغاندا پىكىر يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ" دېگەن مەنە، يەنى "تەلەپ قىلىش كېرەك" دېگەن خاتا مەنە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىنى تولۇقلاپ: "ئاممىنىڭ تەنقىدىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق تەلەپنى قويغاندا پىكىر يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ" دەپ

تەرجىمە قىلىغان تۈزۈك.

"按照辩证唯物论，思想必须反映客观实际，并且在客观实践中得到检验，证明是真理，这才算是真理，不然就不算。"

"دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم بويىچە بولغاندا، ئىدىيە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەمدە ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈلۈشى لازىم، ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ھەقىقەت دېگىلى بولىدۇ، بولمىسا ھەقىقەت دېگىلى بولمايدۇ."

بۇ تەرجىمىدىكى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاستىغا سىزىق تارتىلغان "ھەقىقەت" سۆزى قوشۇلمىغان بولسا، جۈملىدە كەمتۈكلۈك ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولاتتى-دە، مەنىدىن قۇسۇر چىقاتتى.

"敌我之间和人民内部这两类矛盾的性质不同，解决的方法也不同。"

"دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ خاراك-تېرى بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ."

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەرجىمىدە، زورۇر تېپىلغاندا، سۆز قوشۇپ مەنىنى تولۇقلاش خالى بولغىلى بولمايدىغان بىر قائىدە، بۇ تەرجىمىدە مەنتىقىي جەھەتتىن سۆز قوشۇش ياكى مەنىنى ئېنىقلاش قائىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ھېكايىدە قىزنىڭ ئىنقىلاپچى يىگىتىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن، يارىلانغان ھالدا

قىزنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەن قولىدىن قاچقانلىقى تەسۋىر-لىنىپ مۇنداق يېزىلغان:

"她往下一蹲，让他站到她肩上，然后他扶着身边的一棵树，艰难地站立起来，跳墙逃走。……"

"ئۇ قىز زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى مۈرىسىگە چىقاردى. كېيىن ئۇ يىگىت يېنىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە يامىشىپ، تەسلىكتە ئۆرە بولۇپ، تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچتى." ئەگەر تەرجىمىدە "قىز"، "يىگىت" سۆزلىرى ئېنىق بېرىلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا "ئۇلار"نىڭ كىملەرگە قارىتىلغانلىقى روشەن بولمىغانلىقى ئۈس-تىگە، قىز يىگىتنى مۈرىسىگە چىقارغان، ئاندىن كېيىن دەرەخكە يامىشىپ، ئۆرە بولۇپ، تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچقان بولۇپ چىقاتتى.

تەرجىمىدە، خۇددى يۇقۇرقى مىساللاردىن ئىسپاتلىنىپ تۇرغىنىدەك، ئەسلى تېكىستتە شۇ سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەردىن شۇ مەنە مەلۇم بولۇپ تۇرغان سۆزلەرنى تولۇقلاش مۇمكىن؛ ئەسلى تېكىستتە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى تولۇقلاش مۇمكىن. مەسىلەن، "他的鼻子比我大" دېگەنىدەك جۈملىلەر تىل ئادىتى بويىچە سۆز قىسقارتىلغان جۈملە. بۇنداق جۈملىلەرنى "ئۇنىڭ بۇرنى مېنىڭدىن چوڭ" دەپ تەرجىمە قىلىش كۈلكىلىك بىر ئەھۋال. "ئۇنىڭ بۇرنى مېنىڭ بۇرنۇمدىن چوڭ" دەپ تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، "ئۇنىڭ بۇرنى مېنىڭكىدىن چوڭ" دەپ تەر-

جىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇ يەردە گەپ ”تولۇقلاش ئۇسۇلى“ ئۇستىدە بارغاچقا، ھازىرچە بۇنداق ئىككىنچى خىل شەكلى ئۇستىدە توختالمىدىم.

ئالماشلارنى قوشۇشمۇ ”تولۇقلاش ئۇسۇلى“ دائىرىسىگە كىرىدۇ. لېكىن ئالماشلارنىڭ قوشۇلۇشى كېلىشلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق. بۇ خىل ئەھۋال گىراماتىكا جەھەتتىن سۆز قوشۇش بولىدۇ. مەسىلەن:

“工人阶级的国家按照经济发展的规律，来领导和组织社会主义经济以及整个国民经济的发展。”

”ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلىتى سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە ۋە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنى بويىچە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەشكىللەيدۇ.“

بۇ تەرجىمىدە ”ئۇنى“ سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ”ئىگىلىككە،...نىڭ تەرەققىياتىغا... رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ“ دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

“同志们，真正的铜墙铁壁是什么？是群众，……这是真正的铜墙铁壁，是什么力量也打不破的。”

”يولداشلار، ھەقىقىي مۇستەھكەم قورغان ئۆزى نېمە؟ بۇ ئاممىدۇر،...بۇ ھەقىقەتەن مۇستەھكەم قورغان، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يىمىرەلمەيدۇ.“

بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ ”ئۇنى“ سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى بۇ يەردە مۇشۇ تولدۇرغۇچى ئالماش قوشۇلمىسا، قوشما جۈملە ئۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ”بۇ...ھېچقانداق كۈچ

يىمىرەلمەيدۇ" شەكلىگە كىرىپ، مەنىنى ئۇقتۇرالمايدۇ، گىراماتىكا جەھەتتىن باغلانماي قالىدۇ.

“我们是革命战争的领导者，组织者，我们又是群众生活的领导者，组织者。”

"بىز ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەشكىللىگۈچىمىز، شۇنىڭدەك بىز يەنە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەشكىللىگۈچىمىز".

بۇ تەرجىمىدىمۇ ئىككى جايدا "ئۇنى" سۆزى قوشۇلغان. چۈنكى بۇ يەردىمۇ "ئۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلغۇچى"، "ئۇرۇشتا تەشكىللىگۈچى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ جۈملىنى "بىز ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ رەھبىرىي، تەشكىلاتچىسىمىز" دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن؛ ئۇ چاغدا ھېلىقىدەك سۆز قوشۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمايدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئەسلى تەرجىمە نەزەردە تۇتۇلغان.

## قىسقارتىش ئۇسۇلى

تەرجىمىدە سۆز قىسقارتىش مەسىلىسى ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى پەرقلىق بولغاچقا، مەلۇم بىر مەقسەتنى ئۇقتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ مىقدارى بىردەك بولمايدۇ. بەزىدە خەنزۇ تىلىدىكى بىر سۆزنى ئۇيغۇر

تىلدا بىر سوز بىلەن ئەمەس، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كوپ سوز بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى بىرنەچچە سوزنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا سوز بىلەن ئۇقتۇرۇش مۇمكىن ۋە زورۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن "سوز قىسقارتىش" مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ. بۇ، ئاساسەن، ھەر بىر تىلنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيىتىگە باغلىق. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە "سوز قىسقارتىش" دېگەندە، ئەسلى جۇملىدە مەلۇم ئۇقۇم، مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سوزلەر ئەمەس، پەقەت مەلۇم ئۇقۇم، مەنىنى تولۇق ئاڭلىتىشتا ئەسلى يېزىقتا ئورنى، رولى بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە تىلدا رولى بولمايدىغان سوزلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق سوزلەر قىسقارتىلغاندا، ئەسلى مەنىنى تەرجىمە تىلدا سوزلەرنىڭ قولاشماسلىقىدىن، ئارتۇقچە سوزلەرنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تېخىمۇ روشەن، يەڭگىل ۋە چىرايلىق ئاڭلىتىش مۇمكىن.

## 1. سوزنى سوزگە يىگۇزۇش ئارقىلىق قىسقارتىش

بەزىدە خەنزۇ تىلىدىكى بىرنەچچە سوزنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلا ئۇقۇم بىلەن ئۇقتۇرۇش مۇمكىن. بۇنداق چاغلاردا، تەرجىمىدە تېكىستتىكى دېمىسىمۇ مەنىسى ئوز ئوزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان سوزلەرنى قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

a. “中农态度的心背是决定革命胜负的一个因素……”

"ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئىنقىلاپقا مايىل بولۇش-بولماسلىقى

ئىنقىلاپنىڭ غالىبىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر......"

خەنزۇچىدىكى "态度" سوزىنىڭ مەنىسىنى "مايىل بولۇش-بولماسلىقى" سوزى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ "个-" سوزىنىڭ مەنىسىنى "ئامىل" سوزىنىڭ بىرلىك بىلەن قوللىنىلىشى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئەسلى جۈملىدىكى ئىككى سوزنى تەرجىمىدە قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن.

b. "他无法掩饰自己惊慌的心情。"

"ئۇ ئۆزىنىڭ چوچۇگەنلىكىنى يوشۇرالمىدى."

c. "我们要学习他勇敢的精神。"

"ئۇنىڭ باتۇرلۇغىنى ئۆگىنىمىز."

d. "社会主义性质的经济已占统治地位。"

"سوتسىيالىستىك ئىگىلىك هوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى."

e. "当我见到他们的时候，我的心突突地跳起来，由于激动，我的眼睛充满了热泪。"

"ئۇلارنى كورگەن ۋاقتىمدا، يۈرىگىم گۈپ-گۈپ سوقۇشقا باشلىدى، هاياجانلانغانلىغىمدىن، كوزۈم ئىسسىق ياشقا تولۇپ كەتتى."

بۇ تەرجىمىلەردە "性质"، "精神"، "心情" ۋە ئۈچ "我" سوزلىرى قىسقىرىپ كەتكەن. چۈنكى بۇ سوزلەرنىڭ مەنىسى "چوچۇگەنلىك"، "باتۇرلۇق"، "سوتسىيالىستىك"، "ۋاقتىمدا"، "يۈرىگىم"، "كوزۈم" سوزلىرىدىن ئۆز ئۆزىدىن ئۇقۇلۇپ تۇرىدۇ.

دىمەك، سوز قىسقارتىش تەرجىمە تىلىنىڭ ئادىتى، خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن قارىغاندا، تەرجىمىدە مەلۇم سوزلەرنىڭ ۋىسقارتىلىشى بىلەن، مەنىگە زادىلا تەسىر يەتمەيدۇ، ئەكسىچە، تەرجىمە تىلىدا مەنىنى تېخىمۇ ئىخچام ۋە چىرايلىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ، سوزنىڭ ئۇرغۇسىنى بېرىشتە، ئادەتتە قىسقارتىش ئېھتىمالى بولغان سوزلەرنى قىسقارتىشنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇنداق زورۇرىيەت ناھايىتى ئاز. ئەگەر قىسقارتىۋەتسىمۇ، شۇ قىسقارتىلغان سوزنىڭ مەنىسى جۇملىنىڭ ئوزىدىن ئۇقۇلۇپ تۇرسىلا، قىسقارتىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، تەرجىمىنىڭ يىرىك چىقىشى تۇرغان گەپ. ئەگەر e مىسالدىكى جۇملىنى "مەن ئۇلارنى كورگەن ۋاقتىمدا، مېنىڭ يۇرىگىم گۇپ-گۇپ قىلىپ سوقۇشقا باشلىدى؛ ھاياجانلانغانلىقتىن، مېنىڭ كوزۇم ئىسسىق ياش بىلەن تولدى" دەپ تەرجىمە قىلساق، مەنە ئۇقۇلسىمۇ، لېكىن تىلنىڭ ئوزىگە خاس ھوسنى بۇزۇپ قويۇلغان بولىدۇ، ئىستىلىستىكا جەھەتتىنمۇ قوپال بولۇپ قالىدۇ. ئەملىيەتتىمۇ "我" دىگەن ئالماش ئۇيغۇرچىدا ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئۇقۇلىدۇ.

تەرجىمە قىلمىسىمۇ، شۇ جۇملىدىكى باشقا سوزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەنىسى روشەن ئۇقۇلۇپ تۇرىدىغان سوزلەر ئالماشلاردا كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

"我们到小吃部去，我想喝啤酒。"

"بۇفېتقا بارايلى، پېۋا ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ."

"我们党所领导的人民革命为什么能够得到胜利呢? "

"پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلاۋى نىمە ئۈچۈن غەلبە قازىنالىدى؟"

يۇقۇرىدىكى ئىككى مىسالدا "我们" ، "我" سوزلىرى تەرجىمىدە مۇستەقىل سوز تەرىقىسىدە ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ "بىز"، "مەن" سوزلىرى مۇناسىۋەتلىك سوزلەر ("بارايلى"، "ئىچكۈم"، "پارتىيىمىز"گە يىدۇرۇلۇپ، مەنىنى تولۇق ئۇقتۇرۇپ بېرىۋېرىدۇ. تەرجىمىدە بۇنداق ئالماشلارنى، مەيلى I شەخس، II شەخس، III شەخس بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ بىرلىگى، كوپلۇگى بولسۇن، كوپىنچە قىسقارتىۋېتىش مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جۇملىدىكى ئالماشلارنى، بىرىنچىدىن، قارىمۇ-قارشى سوزلەشكەنلىكنى بىلدۇرىدىغان جۇملىلەردە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا؛ ئىككىنچىدىن، شۇ ئالماش ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى جۇملىنىڭ يۇقۇرىسىدا ئېنىق كورسىتىلگەندە؛ ئۈچىنچىدىن، شەخسلەرنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى تەكىتلەش زورۇر بولمىغاندا پۈتۈنلەي قىسقارتىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەركەتكە ئۈندەيدىغان گەپلەردە، شوئارلاردا كەلگەن ئالماشلارنى قىسقارتىش تولىمۇ زورۇر.

ئالماشلارنى قىسقارتىشتا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، رەسمىي ھوججەت — بۇيرۇق، ئالاقە، توختام، قانۇنلاردا ياكى شۇنداق قانۇنىي كۇچكە ئىگە ماتىرىياللاردا

قسقارتىشقا بولمايدۇ.

## 2. جۈپ سوزلەرنى قسقارتىش

خەنزۇ تىلىدا جۈپ سوزلەر كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سوزلەرنىڭ ئايرىملىرى سوزنى كۈچەيتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئادەتتە ئالدىنقىسى مەنە جەھەتتىن كېيىنكىسىنى تەكرارلايدۇ ياكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى تەكرارلايدۇ. ئۇنداق تەكرار سوزلەر خەنزۇچىدا ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ، لېكىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، كوپ ھاللاردا، خەنزۇ تىلىدىكىدەك چىرايلىق بولمايدۇ. مەسىلەن: "一知半解" سوزىنى "چالا-پۇچۇق چۈشەنگەن" دەپ، "独一无二" سوزىنى "يەككە-يىگانە" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن، بۇنداق تەرجىمە خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى سوزگە ئوخشاش چىرايلىق، كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنىڭدىكى تەكرارلىنىش بىھۇدە بولمايدۇ. لېكىن بۇنداق ئەھۋاللار ئاز. خەنزۇ تىلىدىكى تەكرار سوزلەرگە ئوز ئەدىبىي تىلىمىزدا يۇقۇرقىدەك دەل، مۇۋاپىق، چىرايلىق سوزلەر تېپىلمىغاندا، زوردىن-زورغا تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن:

A. "很短的时间内，将有几万万农民从中国中部，南部和北部各省起来，其势如暴风骤雨，迅猛异常。无论什么大的力量都压抑不住。"

"ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەركىزىي، جەنۇبىي ۋە

شىمالىي جۇڭگودىكى بارلىق ئۇلكىلەردە نەچچە يۈز مىليونلىغان دىخانلار قوزغالغۇسى، ئۇلارنىڭ قۇدرىتى دەھشەتلىك بوراندەك ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدىكى، ئۇنى ھىچقانداق كۈچ توختىتالمايدۇ.“

بۇ يەردە ”دەھشەتلىك بوراندەك“ سۆزى ”暴风骤雨“ دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر ”دەھشەتلىك بوراندەك ۋە شاقىرىغان يامغۇردەك“ دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، زوردىن-زورغا شۇنداق تەرجىمە قىلىنغاندا، جۈملىنىڭ بەدىئىلىكى ئاجىزلاپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يەردە ”骤雨“ سۆزى قىسقارتىلغان.

B. “站在他们的前头领导他们呢，还是站在他们的后头指手画脚地批评他们呢？”

”ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قولىنى شىلتىپ، ئۇلارنى تەنقىت قىلىش كېرەكمۇ؟“

بۇ يەردە ”指手画脚“ سۆزى پەقەت بىر ھالەتنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنى ”قولىنى شىلتىپ“ دەپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەگەر ”قولىنى شىلتىپ، پۇتىنى ئوينىتىپ“ دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ھالەتنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز بىھۇدە تەكرارلانغاندىن تاشقىرى، سۆزنىڭ مەنىسىنى، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

C. “中国人民当家作主了。”

”جۇڭگو خەلقى خوجايىن، ئىگە بولدى.“

"جۇڭگو خەلقى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىن بولدى."
"جۇڭگو خەلقى ئۆز دولىتىگە خوجايىن بولدى."
"جۇڭگو خەلقى ئۆز دولىتىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى."

دېمەك، بۇ جۈملىنى تۈرلۈكچە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن "当家作主" سۆزىنى "ئىگە ھەم خوجايىن بولدى" دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن، ئەمما "ئىگە" سۆزى بىلەن "خوجايىن" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى بىر. شۇڭا ئورۇنسىز تەكرارلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنداق جۈپ سۆزلەردىن بىرىنىلا ئېلىش كۇپايە.

لېكىن مەنە جەھەتتىن پەرقى بولغان قوش سۆزلەرنى قىسقارتىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:

A. "为群众喜闻乐见的……"
"ئاممىغا ياقىدىغان ۋە ئامما ياخشى كۆرىدىغان……"

B. "……到了民穷财尽的地步。"
"خەلقى گادايلاشقان، بايلىقى تۈگىگەن ھالغا يەتتى……"

تەكرار سۆزلەرنى قىسقارتىشتا، شۇ سۆزلەرنىڭ مۇھىمىنى تاللىۋېلىش لازىم. مۇشۇنداق ئۇسۇل بويىچە، يەنە مۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

A. "在这样的社会中，只有农民和手工业工人是创造财富和创造文化的基本阶级。"
"بۇنداق جەمئىيەتتە پەقەت دېھقانلار ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرىلا بايلىق ۋە مەدەنىيەت ياراتىدىغان ئاساسىي

سىنىپتۇر.“

بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى ئىككى ”创造“ سۆزىنىڭ بىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ ئالغان ياخشى.

B. “共产党员……应该成为英勇作战的模范，执行命令的模范，遵守纪律的模范，政治工作的模范和内部团结的模范。”

”كوممۇنىستلار باتۇرانە كۈرەش قىلىدىغان، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان، ئىنتىزامغا رايە قىلىدىغان نەمۇنىچىلاردىن بولۇشى كېرەك، سىياسى خىزمەت نەمۇنىچىسى ۋە ئىچكى ئىتتىپاق ھەم بىرلىك نەمۇنىچىسى بولۇشى كېرەك.“

بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى بەش ”模范“ سۆزىدىن يەقەت ئۈچى تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر ھەممىسى تەرجىمە قىلىنسا، جۈملە قوپاللراق بولۇپ قالاتتى.

“只有动员群众才能进行战争，只有依靠群众才能进行战争。”

”پەقەت خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسىغا تايانغاندىلا ئاندىن بۇ ئۇرۇشنى قىلغىلى بولىدۇ.“

بۇ يەردە ”才能进行战争“ سۆزىدىن بىرى تەرجىمىدە قىسقارتىلغان، ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئۇنى قىسقارتىش مۇۋاپىق.

“我们不仅要克服主观主义，而且要克服教条主义。”

”بيۇروكراتىزىمنىلا ئەمەس، دوگماتىزىمنىمۇ تۈگىتىمىز.“

## 3. زاماننى بىلدۈرىدىغان سوزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇچىدا پېئىلنىڭ ئۆز ئالدىغا زاماننى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ، زاماننى بىلدۈرىدىغان سوزلەر ئايرىم هالدا پېئىلغا ياندىشىپ، ياردەملىشىپ كېلىدۇ. زاماننى بىلدۈرىدىغان بەزى سوزلەرنى، مەسىلەن: “曾经”, “正巧”, “继续”, “将” قاتارلىق سوزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل زامانلىرى بىلەنلا بىلدۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق سوزلەر ئالاهىدە تەكىتلەش ئورنىدا خىزمەت قىلمايدىغان بولسا، تەرجىمىدە ئادەتتە قىسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

A. “我们将要组织春游。”

"بىز ئەتىيازلىق سەيلىگە چىقماقچىمىز."

B. “他再三向我劝说,但我仍没有同意。”

"ئۇ مېنى دەۋەت قىلىۋەردى، لېكىن مەن قوشۇلمايۋەردىم."

C. “县政治必须农民起来才能澄清，广东的海丰已经有了证明。”

"يەقەت دېخانلار قوزغالغاندىلا ناهىيە مەمۇرىيىتىنى تازىلاش مۇمكىن، بۇ گۇاڭدۇڭنىڭ خەيفېڭ ناهىيىسىدە ئىسپاتلانغان."

D. “李自成参加高迎祥的起义队伍,曾经由陕西入河南，到安徽，折回陕西。”

"لى زىچېڭ قوزغىلاڭ كوتەرگەن گاۋ شىڭشياڭ باشچىلىقىدىكى ئەترەتكە قوشۇلۇپ، بۇ ئەترەت بىلەن شەنشىدىن خېنەن ئولكىسى ئارقىلىق ئەنخۇي ئولكىسىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن

شەنشگە قايتتى.“

“我们队伍中曾经发生过的反对准备的意见是幼稚可笑的”。

”بزنىڭ قاتارىمزدا تەييارلىق كورۇشكە قارشى تۇرۇش پىكىرلىرىنىڭ بولۇشى ساددىلىق ۋە كۇلكىلىكتۇر.“

زامانى بىلدۇرىدىغان سوزلەرنى قىسقارتىشتىمۇ، شۇ سوزنىڭ جۇملىدە گەپنى كۇچەيتىش، تەكىتلەش جەھەتتىن ئوينايدىغان رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تەكىتلەش رولىنى ئويناش تەرىپى كۇچلۇك بولسا، قىسقارتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، يەنە مەلۇم سوزلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

“他曾经学过天文学，而今天……”

”ئۇ ئىلگىرى ئاستىرونومىينى ئۇگەنگەن ئىدى، بۇگۇنكى كۇندە بولسا...“

مانا بۇ يەردە ”ئىلگىرى...ئىدى“ سوزىنى ۋە ياردەمچىنى قوشمىغاندا گەپنىڭ كۇچى ئاجىزلىشىشى تەبىي.

## 4. سانىنى بىلدۇرىدىغان سوزلەرنى قىسقارتىش

ئۇيغۇر تىلىدا، كوپ ۋاقىتتا، سانلار ئىسىملار بىلەنلا تۇرلىنىپ كېتىدۇ، يەنى سانلار، مەيلى بىرلىك بولسۇن، مەيلى كوپلۇك بولسۇن، ئىسمغا ئۇلىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر تەكىتلەش ئۇچۇن زورۇرىيىتى بولمىسا، تەرجىمىدە مىقدار سانلارنى

قىسقارتىۋەتكەن ياخشى. مەسىلەن:

A. “我们将不但有一个强大的陆军，而且有一个强大的空军和一个强大的海军。”

”بىزدە قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىلا ئەمەس، قۇدرەتلىك هاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسمۇ بارلىققا كېلىدۇ.“

B. “这是一种爱国主义行为。”

”بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك.“

يۇقۇرىدىكى 2 مىسالدىكى ”一个“ ، ”一种“ سۆزلىرى ئۇيغۇرچىدا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ هاجىتى يوق.

سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە ياردەمچىلەرنىڭ خەنزۇچىدىكى تۈرلىرى ئاز ئەمەس، بولۇپمۇ جۈملىلەردە ”各“ ، ”都“ ، ”们“ , ”一些“ , ”一部分“ , ”那些“ , ”广大“ سۆزلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياردەمچىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت بولمىغاندا، ئۇنداق سۆز ۋە ياردەمچىلەرنى تەرجىمىدە ئىلاج بار قىسقارتىپ، شۇ جۈملىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىپادىلەش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا گەپنى گىرامماتىك جەھەتتىن بۇزىمىز، مەنتىقىي كۈچ جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىمىز. مەسىلەن، يەنە يۇقۇرقى مىسالنى ئالايلى.

“这是一种爱国主义行为。”

”بۇ بىر خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك هەرىكەت.“

بۇ تەرجىمىدىكى ”بىر خىل“ سوزى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئادىتىگە تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ؛ ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەنىنى مۇجەممەللەشتۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

## 5. بەزى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى سوزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇچىدىكى بەزى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى[1] سوزلەر ئۇيغۇر-چىدا تەرجىمە قىلىنمايدۇ، بەزىدە زوردىن- زورغا تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە سوز قوپاللىشىدۇ ياكى مەنە تۇتۇقلىشىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن تەكىتلەش زورۇر بولمىغاندا، تەرجىمە قىلماسلىق كېرەك.

مەسىلەن:

A. “他这个人真爱交朋友。”

”ئۇ ناھايىتى ئۇلپەتچان ئادەم“.

B. “胡三毛她妈到合作社买肉去了。”

”خۇ سەنماۋنىڭ ئانىسى كوپېراتىپقا گوش ئالغىلى كەتتى“.

يۇقۇرىدىكى مىسالدا، “这个人”، “她” سوزى تەرجىمىدە ئېلىنمىغان. ئەمەلدە ئۇلارنى زوردىن-زورغا تەرجىمە قىلغاندا، ”ئۇ بۇ ئادەم ناھايىتى ئۇلپەتچان“ بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇيغۇر

---

[1] ”ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى“لارنى تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز. بۇ يەردە گەپ پەقەت ”قىسقارتىش“ ئۈستىدىلا بارىدۇ. — ئاپتوردىن.

تىلىنىڭ ئادىتىگە زادىلا سىغمايدۇ.

بەزىدە ئېنىقلىغۇچى ئالماشلارنى شۇ جۈملىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرگە يېدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەنمۇ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

“他说他今天要休息。”

"ئۇ، بۈگۈن دەم ئالىمەن، دەيدۇ".

## 6. ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىسقارتىش

خەنزۇ تىلىدا ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ بىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە، جۈملىنى ئۇزارتىۋېتىپ، مەنىنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەرجىمىدە ئايرىم ھال سۆزلەرنى قىسقارتقان ياخشى.

ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت ئىش-ھەركەتنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ھەم شۇنداق. ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر خەنزۇچىدا ئايرىم چاغلاردا ياردەمچى قوشۇلماي يېزىلىدۇ؛ ئەمما مۇتلەق كۆپ جايلاردا، "地......" دېگەن قوشۇمچە بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

“很快地”, “慌忙地”, “逐渐地”, “突然地”, “故意地” ……

بىزنىڭ بەزى تەرجىمانلىرىمىز ئەسلىگە "سادىق" بولىمەن دەپ، ئىككى تىلنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلمايلا،

"地" لەرنى ھەمىشە "ھالدا"، "رەۋىشتە" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. نەتىجىدە ، جۈملىنى چۇۋالچاقلاشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچىلەرنى، مۇتلەق كوپ جايلاردا، قىسقارتىۋېتىش كېرەك. مەسىلەن:

"他突然地停下来了。"

"ئۇ ئۇشتۇمتۇت (بىردىنلا) توختاپ قالدى."

"公社社员在热烈地工作。"

"كوپىراتىپ ئەزالىرى قىزغىن ئىشلىمەكتە."

يۇقۇرىدىكى مىسالدىكى "ئۇشتۇمتۇت"، "قىزغىن" سوزلىرىگە "ھالدا" سوزىنى قوشۇپ، "ئۇشتۇمتۇت ھالدا"، "قىزغىن ھالدا" دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ ياردەمچىلەرنى قوشقاندا، شۇ گەپلەرنىڭ جانسىز بولۇپ قېلىشى تەبىي.

خەنزۇچىدىكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچىلەرنى بەزىدە تۇرلەندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

"他故意地叫了一声。"

"ئۇ قەستەنگە قىچقاردى."

دىمەك، خەنزۇ تىلىدىكى ھالەتنى تەرجىمە قىلغاندا، مەيلى شۇ سوزلەردە "地" ياردەمچىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئادەتتە، "ھالدا"، "رەۋىشتە" سوزىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى قىسقارتىش زورۇر.

## 7. ياردەمچى سوزلەرنى قسقارتىش

ياردەمچى سوزلەر مۇستەقىل بىر مەنە، ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي سوزلەرنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇ مۇستەقىل ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاساسىي سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ئۇچۇن، ئۇلارغا مەنە جەھەتتىن ياردەمچى بولۇش ئۇچۇن، خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرچىدا "ھەم، ۋە، ئۇچۇن، بىلەن، ئەمما، لېكىن، بىراق، چۇنكى، ياكى، شۇڭا، گەرچە، بەلكى......" دىگەنگە ئوخشاش ياردەمچىلەر بولغاندەك، خەنزۇ تىلىدىمۇ شۇنداق ياردەمچىلەر بار. مەسىلەن:

"但是，于是，因为，因而，所以，因此，那么，却，不过，而且，甚至，无论，然而，既然，关于，的，了，吗"......

بۇ ياردەمچىلەر مۇستەقىل ئۇقۇمغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن جۇملىلەردە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى، بەزىلىرى ئۇلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ؛ بەزىلىرى سوزنىڭ روھىنى بىلدۇرۇشكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق ياردەمچىلەرنىڭ جۇملىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالماستىن، پەقەت ئۇلارنى تەرجىمىدە قسقارتىش مەسىلىسىدىلا توختىلىمەن.

خەنزۇچىدا ياردەمچى سوزلەرنىمۇ كوپ ۋاقىتتا قسقارتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

“在美国，……因为我是未成年的孩子，所以只能拿工资的一半；又因为是个黑人，所以只好拿一半的一半了。”

بۇ جۈملىنى ”ئامېرىكىدا... چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن يېرىم ئىش ھەققى ئالاتتىم، يەنە چۈنكى نېگىر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاران يېرىمىنىڭ يېرىمىنىلا ئالاتتىم“ دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. لېكىن ئىككى يەردىكى ”چۈنكى“ سۆزىنى قىسقارتىۋەتكەندە جۈملە تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ”چۈنكى“ سۆزىنىڭ مەنىسى ”ئۈچۈن“ سۆزىگە يىغدۇرۇلۇپ، شۇنىڭ روھى بىلەن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

“工人们这样地警告着他们，因此谁也不敢动他一下。”

”ئىشچىلار ئۇلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەچكە (ياكى ”ئىشچىلار ئۇلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانلىقتىن“) ئۇنىڭغا ھېچكىم تېگەلمىدى.“

بۇ يەردە ”因此“ سۆزىنى ئالاھىدە تەرجىمە قىلىشقا ھېچقانداق ھاجەت يوق، ئۇ قىسقارتىلغان. چۈنكى ئۇ سۆز ”بەرگەچكە“، ”......لىقتىن“ سۆزى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ.

“你们把身体累坏了，不但对自己不好，而且影响工作。”

”ھېرىپ ئۆزەڭلەرنى ئالدۇرۇپ قويساڭلار، ئۆزەڭلەرگىلا ياخشى بولماي قالماستىن، خىزمەتكىمۇ تەسىر يېتىدۇ.“

بۇ يەردە ”而且“ (بەلكى) سۆزى ئېلىنمىغان.

“如果你不同意，那么我们就不等你了。”

"ماقۇل كەلمەيدىكەنسەن، سېنى كۈتمەيمىز."

بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ "如果" بىلەن "那么"
سۆزلىرى قىسقارتىلغان. چۈنكى، "ئەگەر" سۆزى بىلەن "ئۇ
ھالدا" سۆزى "......كەنسەن" بىلەن قوشۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

"我完成了任务。至于总结，我准备明天写。"

"ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدۇم. يەكۈننى بولسا، ئەتە يازماقچىمەن."

"ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدۇم، يەكۈننى ئەتە يازماقچىمەن."

ئادەتتە "至于" دېگەن ياردەمچى سۆز بىزدە كۆپىنچە
"......غا كەلسەك" دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا شۇ سۆز
كەلگەن يەنە بىر قىسمىنى "......غا كەلسەك، ئۇ (ئۇنى،
ئۇ ھەقتە، ئۇنىڭغا......)" دەپ تەرجىمە قىلىپ، سۆز قوشۇشقا،
شۇنىڭ بىلەن بەزىدە بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئۇزارتىۋېتىپ، ئۇنى ئوقۇپ بولۇپ دەم ئالالمايدىغان ياكى دەم ئالماستىن ئوقۇپ، مەنىسىنى دەرھال چۈشىنەلمەيدىغان ئەھۋالغا
قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن (سۆزنى قىسقارتىش،
جۈملىنى ئىخچاملاشتۇرۇش ئۈچۈن) ئۇنى قىسقارتىش ياكى
"بولمىسا" شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش مۇمكىن. لېكىن سۆزنى
تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بولغاندا، ئەھۋالغا قاراپ جانلىق ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

"我光怕人家说我写不成，所以虽然很灰心，但是还继续着写。"

"باشقىلار، يازالمايدۇ، دەمدىكىن دەپ قورقىمەن. شۇڭا كوڭلۇم ناھايىتى يانغان بولسىمۇ، يەنە يېزىۋاتىمەن."

خەنزۇچىدا "虽然……但是" بىلەن كېلىدىغان جۇملىلەر ناھايىتى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۇملىلەرنى "گەرچە…… لېكىن……" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ۋە ھازىر كوپىنچە شۇنداق تەرجىمە قىلىنىپ ئادەت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ جۇملىدىكى مەنىگە مەيلى گىراماتىكا جەھەتتىن، مەيلى ئۇقۇم جەھەتتىن بولسۇن ئانچە زىيىنى يوق. لېكىن جانلىق ئېغىز تىلى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىبتىۋارى بىلەن ئالغاندا، بۇنداق جۇملىلەردە "گەرچە…… لېكىن" سوزىنى قىسقارتىش زورۇر. بۇنىڭدىمۇ ئەسەرنىڭ خاراكتېرىغا، سوزنىڭ تەكىتلىنىش تەرەپتىكى ئەھمىيىتىگە قاراش كېرەك.

"志愿军在前线作战，常常几天几夜不吃不睡，我不过熬了一夜，算什么？"

"پىدائىلار ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغاندا، پات-پات بىر-نەچچە كېچە-كۇندۇز ئوزۇقسىز، ئۇيقۇسىز قالدى. مەن بىر كېچە تۇنەپ قالسام نىمە بوپتۇ؟"

بۇ يەردە "不过" سوزى پۈتۈنلەي قىسقارتىلغان. بۇنداق جۇملىلەردە پۈتۈنلەي قىسقارتىش لازىم. چۈنكى بۇ يەردىكى "不过" سوزى "پەقەت" مەنىسىدە خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن يەنە بەزى جۇملىلەردە بولسا قارىمۇ-قارشى سوزلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

“天很冷，不过穿上了棉衣,不要紧。”

”هاۋا ناھايىتى سوغۇق تۇرىدۇ، بىراق پاختىلىق چاپان كىيىۋاپسەن، ھېچگەپ يوق.“

بۇ جۈملىدە ”不过“ سوزى ”بىراق“، ”لېكىن“ مەنىسىدە خىزمەت قىلغان. شۇڭا بۇنى قىسقارتىشتا، مەنە جەھەتتىكى پەرققە دىققەت قىلىش كېرەك.

“对于这种恶果，必须进行研究。”

”بۇ يامان ئاقىۋەتنى تەتقىق قىلىش كېرەك.“

“我对于这个问题注意的很不够。”

”بۇ مەسىلىگە دىگەندەك دىققەت قىلالمىدىم.“

“这个办法，我们对于那个问题的解决意见也适用。”

”بۇ چارە ھېلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرىمىزگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.“

بۇ يەردە ياردەمچىلەرنىڭ بىرى بولغان ”对于“ سوزى ھەممىلا جايدا ”توغرىسىدا“، ”ھەققىدە“، ”گە (غا، قا)، قارىتا“، ”نىسبەتەن“ دەپ ئېلىنماستىن، تۇرلۇكچە ئېلىنىغان. دىمەك، ئۇنى ”نى، غا، قا، گە، كە“... قاتارلىق كېلىشلەرگە ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن قىسقارتىش مۇمكىن.

“工作虽然多，也应注意健康。”

”خىزمەت كوپ بولسىمۇ، سالامەتلىككە دىققەت قىلىش كېرەك.“

“这个孩子虽然年纪小，可是很聪明。”

”بۇ بالا كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى زېرەك.“

“病虽然好了，但是没有力气。”

”كېسەلدىن ساقايغان بولسىمۇ، دەرمانى يوق.“

يۇقۇرىدىكى 3 مىسالدا ”虽然“، ”可是“، ”但是“ سوزلىرى تەرجىمە قىلىنمىغان. ”گەرچە، لېكىن...“ دەپ تەرجىمە قىلىنغاندا، سوزنىڭ سىلىق، جانلىق بولماسلىغى تەبىي. بۇنداق ياردەمچىلەرنى، ئادەتتە، قىسقارتىۋەتكەن ياخشى.

ياردەمچىلەرنى قىسقارتىش زورۇر، لېكىن بۇنىڭدا يۇقۇرقى مىساللاردا كورسىتىلگەن ئۇسۇللار بىلەن چەكلىنىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. قىسقارتىش-قىسقارتماسلىق، تۇرلەندۇرۇش ۋە باشقا ئەھۋاللار كونكرېت جۇملە، سوزنىڭ روھى ۋە گىرامماتىك باغلىنىشلىرىغا، ئىستىلىستىكىغا باغلىق.

## ئوزگەرتىش ئۇسۇلى

تەرجىمىنىڭ مەقسىدى تىلى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى ئوزئارا چۇشىنىش، پىكىرلىشىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەش. بىزگە كېرەكى ئەسلى ئەسەرنىڭ شەكلى ئەمەس، مەزمۇنى. شۇنىڭ ئۇچۇن تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، جۇملىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى دەل توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش زورۇر. گىرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسلى ئەسەرنىڭ، ئەسلى جۇملىنىڭ شەكلىگە بېرىلىپ كەتكەندە، تەرجىمە تىلىنىڭ ساغلاملىغىغا نۇقسان يېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مەنىنى تولۇق ۋە

توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكىمۇ نۇقسان يېتىدۇ، ھەتتا ئەسلى ئەسەر-نىڭ مەنىسى مۇجمەللىشىشى، بۇرمىلىنىپ كېتىشى ھەم مۇمكىن. دېمەك، ئەسلى ئەسەرنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى ئەسلى ئەسەرنى ئېنىق چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان زورۇر ۋاستە؛ لېكىن شۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىش بىلەن ھاسىل قىلىنىدىغان چۈشەنچىنى توغرا، ئېنىق تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەردىكى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلىگە باغلىنىپ قالماستىن، تەرجىمە تىلىنىڭ قائىدىسى ۋە ئادىتىگە رىئايە قىلىش زورۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەرجىمىدە ئەسلى ئەسەرنىڭ بەزى سۆزلىرىنى، بەزى گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنى زورۇر بولغىنىچە ئۆزگەرتىشتىن خالى بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## A. ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزگەرتىش

بەزى سۆزلەر لۇغەتتە بىر خىل مەنىدە قوللىنىلسا، ئىستېمال-دا باشقا بىر مەنىدە قوللىنىلىدىغان، ئايرىم تۇرغاندا بىر خىل مەنە بەرسە، باشقا سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە يەنە باشقا بىر خىل مەنە بېرىدىغان ھادىسىلەر ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ”چاي“ سۆزى قايناقسۇغا سېلىنىدىغان چاينى شۇنىڭدەك دەم-لەنگەن چاينى ئۇقتۇرسا، ”چايغا تەكلىپ“، ”چاي ئويناش“ دېگەن سۆزلەردە ”زىياپەت“ مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. ”ئولتۇرۇش“ سۆزى ئورۇندۇقتا، يەردە ئولتۇرۇش مەنىسىنى ئاڭلاتسا،

"ئولتۇرۇش قىلىش" سوزى "زىياپەت"، "بەزمە" مەنىلىرىنى
بېرىدۇ. خۇددى شۇ تىل ھادىسىسىگە ئوخشاشلا، خەنزۇ تىلى-
دىمۇ "谢" سوزى "رەخمەت"، "تەشەككۇر" مەنىسىنى،
"幕" سوزى "پەردە" مەنىسىنى ئاڭلاتسا، "谢幕" سوزى
"قەدەملىرىڭگە رەخمەت"، "قەدەملىرىڭگە رازى بولسىلا" دىگەن
مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ "پەردىگە رەخمەت" دىگەن
گەپ ئەمەس. "好事" "ياخشى ئىش"، "ساۋاپلىق ئىش"
دىگەن بولىدۇ. ئەگەر "看你干的好事! " نى "قارا سېنىڭ
ياخشى ئىشىڭنى!" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى جۈملىنىڭ
"قارا سېنىڭ ئەسكىلىكىڭنى!" دىگەن ئېنىق مەنىسىنى توغرا
ئىپادىلەپ بېرىشىمىز ناتايىن. "گېلىغا ئاق تۈك ئۈنۈپ قاپتۇ"
ياكى "خەسە كىكىرتەك بولۇپ قاپتۇ" دىگىنىمىزدە ئۇنداق-
مۇنداق تاماقنى ياراتمايدىغان ئادەملەرنى كوز ئالدىمىزغا
كەلتۈرىمىز. ئەگەر شۇ گەپلەرنى "嗓子眼长白毛啦" ياكى
"白布嗓子" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنىنى ئېنىق ۋە
توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ
ئوخشاش سوز بىلەن ئۇقتۇرۇلۇشى ناتايىن. ئەلۋەتتە، ئوخشاش
بىر ئۇقۇمنىڭ ئىككى تىلدا ئوخشاش سوز بىلەن ياكى ئوخشى-
شىپراق كېتىدىغان ۋە ياكى مەنىداش بولغان سوزلەر بىلەن
ئىپادىلىنىدىغان يەرلىرى كوپ. ئۇنداق شارائىتلاردا تەرجىمىدە
ئانچە كوپ مەسىلە ئۇچرىمايدۇ، قىيىنچىلىقمۇ كوپ بولمايدۇ.

يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەندەك تىل ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندە، ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللانماي مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:

"我愿意弥补我们先人的罪过。"

"ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى گۇنادىن ساقىت قىلىشنى خالايمەن."

"弥补" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "تولدۇرۇش"، "ئورنىنى تولدۇرۇش"، "قازاسىنى تولەش"، "كېمىنى تولدۇرۇش" دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنى "گۇنانى تولدۇرۇش" ياكى "گۇنانىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش" ۋاھاكازا دەپ، "تولدۇرۇش" دېگەن چۈشەنچىدىن چەتلىمەي تەرجىمە قىلساق، گىراماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىن خەنزۇچىغا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ، مەنە جەھەتتىن "ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كەم قالغان، چالا قالغان گۇنايىنى تولدۇرۇشنى يەنى تولۇقلاشنى خالايمەن" دېگەن چۈشەنچىنى بېرىپ قويۇش سەۋەنلىكىدىن خالى بولالماسلىقىمىز تۇرغان گەپ.

"不去正确地估计我们的成绩，就不能激励我们提高信心，继续前进。"

"بىزنىڭ نەتىجىلىرىمىزنى توغرا باھالىمىساق، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى ئۇستۇرۇشىمىز، داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس."

بۇ شەكىلدەن تەرجىمە قارىماققا ئەسلىسىگە دەلمۇ-دەل ئۇيغۇن بولغاندەك تۇرسىمۇ، ھەر ھالدا پېتىرلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

"بىزنىڭ"نى "ئۆزىمىزنىڭ"گە ئۆزگەرتىپ كورەيلى. ئۇ هالـدا تەرجىمىنىڭ پىشىپ چىقىشىدا شەك يوق.

"中国近百年的落后，……另一方面，老实说，要归咎于我们那些挂着文明招牌的白人同胞对你们的侵略——豺狼般的烧杀，掳掠……。"

"جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئارقىدا قېلىشىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بىزنىڭ مەدىنىيەت ۋىۋىسكىسىنى ئېسىۋالغان ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى— ۋەھشىيانە ئوت قويغانلىقى، قىرغانلىقى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانلىقى...... سەۋەپچى بولدى."

"豺狼" (چىلبورە)" قىرغىن قىلغان، بۇلاپ-تالىغان تەقدىردىمۇ ئوت قويالمايدۇ. مەنتىقىي چۈشەنچە نۇقتىسىدىن "چىلبورە" سوزىنى يىراق مەنىداش "ۋەھشىيانە" سوزىگە ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەن.

"他的话，牛头不对马嘴。"

بۇ جۈملىنى "ئۇنىڭ سوزلىرى كالىنىڭ بېشى ئاتنىڭ ئاغزىغا توغرا كەلمەپتۇ" دەپ شەكلەن، سوزمۇ-سوز تەرجىمە قىلساق، "پايپاقىا ناھال قاققاندەك گەپ" بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ.

شۇنى تەكىتلەپ ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، بەزى تەرجىمانلىرىمىز خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتى جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەرقلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رىياللىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ-يۇ، شۇ پەرقلەرنى تەرجىمىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا بىر تەرەپلىمە قارايدۇ، يەنى ئۇيغۇر

تىلىنىڭ ئادىتىنىڭ قوبۇل قىلىش-قىلالماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، خەنزۇ تىلى ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشنىلا تەكىتلەپ، سوزمۇ-سوز، شەكلەن تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە، خەنزۇ تىلىنىڭ ئوزىگە خاس ئىستىلىستىكىسىنى كىتاپخانىلارغا بۇرمىلاپ، قوپاللاشتۇرۇپ، ھەتتا چاكىنىلاشتۇرۇپ چۈشەندۈ-رۈش سەۋەنلىگىنى ئوتكۈزۈپ قويۇشتىن خالى بولالمايدۇ. مەسىلەن: "安定团结的政治形势" دىگەن ئىبارە، خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سۈپەت بولۇپ ئېنىقلاپ كەلگەن "تىنچ، ئىتتىپاق، سىياسى" دىگەن سوزلەر بىلەن ئېنىقلانغۇچى تۈپ سوز "ۋەزىيەت"نىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنى خۇددى خەنزۇچە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تەڭداش ئېنىقلىغۇچى سۈپەتلەر بىلەن ئېنىقلانغۇچى تۈپ سوزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىبارە تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. يەنى "تىنچ، ئىتتىپاق، سىياسى ۋەزىيەت" دىيىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بەزى تەرجىمانلار "تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسى ۋەزىيەت" دەپ، تەرجىمە قىلىدۇ. بۇنداق تەرجىمىدە مەنتىقىلىق باغلىنىش كەمرەك.

تەرجىمە پىرىنسىپلىرىدا ئەسلى جۈملىدىكى ھەر بىر سوزنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش كېرەك دىگەن تەلەپنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەينەن تەرجىمە قىلىشقا زورمۇ-زور ئۇرۇنغاندا، مەنە جەھەتتىن، يۇقۇرىدا كورسىتىلگەندەك سەۋەنلىكنى ئوتكۈ-

زۇپ قويۇش مۇمكىن.

## B. ئايرىم سوز تۇركۇملىرىنى ئوزگەرتىش

تەرجىمىدە پۈتۈن جۈملە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، جۈملە تەركىۋىدىكى ھەر بىر خەت، سوزلەرنى بىرمۇ-بىر، ئۇلۇك تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خەنزۇچىدىكى مەلۇم بىر سوز مەلۇم بىر سوز تۇركۇمىگە مەنسۇپ بولسا، ئۇلارنى ئەينەن تەرجىمە قىلغاندا، ئەسلى مەنە توغرا ئىپادىلىنىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا مەسىلە پەيدا بولمايدىغانلىغى تەبىي؛ بۇ ھەممىگە ئايان ساۋات. لېكىن بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تىلدا ئۇنىڭ ئەكسىچە تىل ھادىسىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەرجىمە تىلىنىڭ غەيرى تەبىي ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويماسلىغى، ئەسلى مەنەنى ئۇيغۇرچە شەكىل بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بېرىشى ئۇچۇن، خەنزۇچە بەزى سوز تۇركۇملىرىنى ئوزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"我们的目的一定要达到！"

"我们的目的一定能够达到！"

خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسى بويىچە، "我们的" ئېنىقلىغۇچى؛ "目的" ئىگە؛ "达到" خەۋەر. شۇ تەرتىپ بويىچە تەرجىمە قىلىنسا، "بىزنىڭ مەقسىدىمىز چوقۇم يېتىشى كېرەك"، "بىزنىڭ مەقسىدىمىز چوقۇم يېتەلەيدۇ" بولۇپ چىقىدۇ-دە، ئۇلۇك

تەرجىمىدىنمۇ ئۆتۈپ قالايمىقان تەرجىمە بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ تەرجىمىدە مەنە ئۇقۇلمايدۇ. تەرجىمىدە مەنەنى توغرا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ئەسلى سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى ئەسلى ئېنىقلىغۇچى "我们的" نى ئىگىگە، ئەسلىدىكى ئىگە بولغان "目的" نى تولدۇرغۇچىغا ئۆزگەرتىپ، "بىز مەقسىدىمىزگە چوقۇم يېتىمىز!"، "بىز مەقسىدىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز!" دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلىنسا، مەنە توغرا ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولىدۇ.

تەرجىمىدە تىل ئادىتى سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق شارائىتتا، ئەسلى جۈملىنىڭ شەكلىگە بېرىلىپ كەتمەي، مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، ئالاقىدار سۆز تۈركۈملىرىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇسۇلنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن يېشىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

"慰问团到达的城市，都受到了当地人民的热烈欢迎。"

| ئۆلۈك تەرجىمە | مەنەن تەرجىمە |
| --- | --- |
| "ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى شەھەر شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى." | "ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى شەھەردە خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى." |

"我们相信，在党中央的领导下，农田基本建设将掀起一个新高潮。"

"ئىشىنىمىزكى، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە، ئېتىز-ئېرىق
ئاساسىي قۇرۇلۇشى يېڭى
دولقۇن كۆتىرىدۇ."

"ئىشىنىمىزكى، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە، ئېتىز-ئېرىق
ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا يېڭى
دولقۇن كۆتىرىلىدۇ."

“这个教室，能坐五十个人。”

"بۇ سىنىپ 50 ئادەم ئول-
تۇرالايدۇ."

"بۇ سىنىپقا 50 ئادەم
سىغىدۇ."

يۇقۇرقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، "ئۆمەك بارغان-لىكى شەھەر قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى"، "ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى دولقۇن كۆتىرىدۇ"، "سىنىپ ئولتۇرالايدۇ" دېگەن سۆزلەر، تولۇق جۈملە ئېتىۋارى بىلەن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىگە سىغىسىمۇ، شەكلەن قارىغاندا، ئەسلى خەنزۇچە جۈملە شەكلىگە دەلمۇ-دەل ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا مەنتىققە سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سۆزمۇ-سۆز، شەكلەن تەرجىمە قىلىش بىلەن جانلىق، مەنەن تەرجىمە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى شۇ ئىككى خىل تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيەتتە بېرىدىغان ئۈنۈمى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ناھايىتى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ ۋە تەرجىمىدە "ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى"نى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈگى روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

“我们要作马克思列宁主义创始人的最忠实、最好的学生，就需要在无产阶级和一切群众的长期而伟大的革命斗争中进行各方面的修养，要有马克思列宁主义理论的修养，要有运用马克思列宁主义的立场、观点和方法去研究和处理各种问题的修养；要有无产阶级的革命战略、战术的修养；要有无产阶级的思想意识和道德品质的修养；要有坚持党内团结、进行批评和自我批评、遵守纪律的修养；要有艰苦奋斗的工作作风的修养；要有善于联系群众的修养，以及各种科学知识的修养等。”

”ماركسىزم-لېنىنىزم ئاساسچىلىرىنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئۇبدان شاگىرتى بولۇش ئۈچۈن، پۈرۈلېتارىيات ۋە بارلىق ئاممىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىدە ھەر جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز — ماركسىزم-لېنىنىزم نەزىرىيىسى بىلەن تەربىيلىنىشىمىز، ماركسىزم-لېنىنىزم مەيدانى، نۇقتىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز؛ پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز، پۈرولېتارىيات ئاڭ-پىكرى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن تەربىيلىنىشىمىز؛ پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش، تەنقىت ۋە ئۇز ئۇزىنى تەنقىتنى ئېلىپ بېرىش، ئىنتىزامغا بوي سۇنۇش جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز؛ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇش جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز؛ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشقا ماھىر بولۇش جەھەتتىن تەربىيلىنىشىمىز ھەم تۈرلۈك پەننى

بىلىملەر ۋە باشقىلار بىلەن تەربىيىلىنىشىمىز لازىم.“ (ليۇ شاۋچى: «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1980-يىل 4-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 22-بەت.)

بۇ مىسالدىكى تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان جايلار خەنزۇچە سۆز تۈركۈملىرى، ئىستىلىستىكىسى جەھەتلىرىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسلى مەنە روشەن، توغرا ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەگەر تەرجىمىدە ”ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلماي، سۆزمۇ-سۆز، شەكلەن تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا ”进行各方面的修养……“ ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز“ بولۇپ قېلىشى، ”要有……的修养“ ”تەربىيىلىنىش بولۇشى“ بولۇپ قېلىشى، “要有……研究和处理各种问题的修养,” ”تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەربىيىلىنىشى بولۇشى“ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ قارىماققا ئۇيغۇرچىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە سىغمايدىغان، گەپتە سۆزلەر بىر بىرىگە ماسلاشمايدىغان، ئېنىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان چۇۋالچاق جۈملە بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. بۇ مىسالدا تەرجىمان ”ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى“دىن شۇنداق ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىكى، ”...... ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز“ دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرى خەنزۇچىدا ”پەش (،)“ بىلەن چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭغا شەكلەن بېرىلمەستىن، پەشنىڭ ئورنىغا بايان ئالامىتى سۈپىتىدە سىزىق (—) قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ”ھەر

جەھەتتىن" سوزىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. دىمەك، مەنىنى توغرا ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش ئۇچۇن خەنزۇچە تېكىستىنىڭ گىراماتىك شەكىللىرى بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمىغان.

تەرجىمىدە جۇملىلەرنى بىر بىرىگە قوشۇۋېتىشمۇ "ئوزگەرتىش ئۇسۇلى" دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسلەن:

“然而在你们中难道就没有这样想的人了吗? 就是说, 他们的思想、言论、行动和生活不一定要受马克思列宁主义原则的指导, 他们所学到的原则也不打算全部加以运用。”

"لېكىن ئارىڭىزلاردا مۇنداق خىيالدىكى كىشىلەر، يەنى ئوزىنىڭ ئىدىيە، سوز، ھەركەت ۋە تۇرمۇشىدا ماركسىزىم-لېنىنىزىم پىرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن بولغان، ئوزلىرى ئۇگەنگەن پىرىنسىپلارنىمۇ تولۇق قوللىنىشنى ئويلىمايدىغانلار يوقمىدۇ؟"

“我们常常看到某些由工人出身的最好的党员,虽然对于马克思列宁主义理论的准备比较少, 若要考试背诵马克思列宁主义的书籍和公式, 他不一定比别人记得多。但是在他学习马克思列宁主义理论的时候, 只要能用他懂得的话解释给他听, 他的兴趣, 他所了解的程度, 常比某些知识分子出身的党员还要高得多。”

"بىز دائىم ئىشچىلار سىنىپىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئەڭ ياخشى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزىرىيىسى توغرىسىدىكى تەييارلىقى ئازراق بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلاردىن ماركسىزىم-لېنىنىزىم كىتاپلىرى ۋە فورمۇلىلىرىدىن يادقا

ئىمتىھان ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن كۆپرەك بىلىدىغانلىقى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ماركسىزم-لېنىنىزىم نەزەرىيە-سىنى ئۆگەنگەندە، ئۇلارغا چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن چۈشەن-دۈرۈپ بېرىلىدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەۋىسى، چۈشىنىش دەرىجىسىنىڭ كۆپ چاغلاردا زىيالىيلاردىن كېلىپ چىققان بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ دەرىجىدە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.“

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەر ئىككىسىدە سىنتاكسىس قائىدىسى بويىچە مۇستەقىل تۇرغان جۈملىلەر مۇستەقىللىقىدىن قالدۇرۇ-لۇپ، بىر بىرىگە چېتىپ تەرجىمە قىلىنغان («تەربىيىلىنىشى»نىڭ 27 — 28-بەتلىرىگە ۋە 31-بېتىگە قاراڭ). ئەگەر شۇنداق ”ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى“ قوللىنىلمىسا، مەنىنى بۇنچىلىك روشەن، توغرا ۋە راۋان ئىپادىلەپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەر ھالدا تەس.

# سوز بىرىكمىسىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

بىز ئادەتتە بىرەر ئوي-پىكرىمىزنى ئىپادە قىلغاندا، كۆپىنچە بىرقانچە سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ جۈملە ھاسىل قىلىمىز. بىرەر ئوي-پىكىرنى بىلدۈرۈشتە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

"بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز." "我们爱祖国。"

بۇ يەردە "بىز"، "ۋەتەن"، "سۆيۈش" سۆزلىرى يەنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلەر تۈرلۈك قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ، پۈتۈن بىر ئوي-پىكىرنى ئاڭلاتقان.

"我们全国各族人民要以无比坚强的信念热爱伟大的社会主义祖国。"

"بىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى تەڭداشسىز مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن قىزغىن سۆيىمىز."

بۇنىڭدا بىر ئوي-پىكىر ئۈچ سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئاڭلىتىلغان. دېمەك، ئايرىم-ئايرىم سۆزلەر بەلگىلىك تەرتىپتە ئۆزئارا چىڭ باغلىنىپ كەلگەن ھالدا جۈملە ھاسىل قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئايرىم-ئايرىم سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك

تەرتىپتە ئۆزئارا بىرىكىپ، سۆز بىرىكـمىسىنى تەشـكىل قىلىشى بىلەنمۇ جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. مۇشۇ مەنـىدىن ئالغانـدا، سۆز بىرىكمـىسى ئايرىم-ئايرىم سۆزلەرنىڭ شاخلـىشـىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەنە جەھەتـتىن تېخـىمۇ تولۇق، تېخـىمۇ روشەن بولىدۇ.

يەنە يۇقۇرقى مىـسالـنى ئالايـلى، "بىز" سۆزى "پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى" دېگەن ئىزاھ ئېنىقـلىغۇچىـنىڭ بىرىكىشى ئارقـىسىدا، "پۈتۈن مەملـىكەت" دېگەن سۆزلەر "ھەر مىلـلەت خەلقى" دېـگەن سۆزلەرنىڭ بەلـگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىـكىشى ئارقىسىدا، "ۋەتەن" سۆزى "ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك" دېـگەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىكىشى ئارقىسىدا، "سۆيۈش" سۆزى "تەڭداشسىز، مۇستەھكەم، ئىشەنچ، قىزغىن" دېگەن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك ۋەزىپە بىلەن بىرىكـىشى ئارقىسىدا سۆز بىرىكمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

## سۆز بىرىكمىسىنىڭ رولى

يۇقۇرىـدا ئېيتقىنىمىزدەك، جۈملە ئايرىم-ئايرىم سۆزلەردىن ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. لېـكىن بىر بىرىگە چىڭ باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكـمىسى جۈملە ۋەزىپە-سىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. چۈنـكى ئۇ بىرەر تولۇق ئوي-پىـكىرنى ئاڭلىتالمايدۇ. مەسىلەن:

“伟大、光荣、正确的中国共产党。”

”ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى“ دىگەن سوزلەر مۇكەممەل بىر ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتالمايدۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان كىشى چوقۇم سوزنىڭ ئاخىرىنى، خەۋىرىنى كۈتىدۇ، چۈنكى، بۇ سوزنى ئاڭلاش بىلەنلا بىرەر ئوي-پىكىرنى چۈشىنىپ كىتەلمەيدۇ، قانائەت ھاسىل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوز بىرىكمىسىنىڭ خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىدا ”短语“ (چولتا گەپ، كەمتۈك گەپ) دەپمۇ ئاتىلىشىنىڭ داۋلىسى ئەنە شۇ يەردە.

سوز بىرىكمىسى مەيلى ئىككى سوزدىن ياكى بىرقانچە سوزدىن قۇرۇلغان بولسۇن، مەيلى بىرلا سوز بىرىكمىسى بولسۇن ۋە ياكى بىر ھەتتا بىرنەچچە سوز بىرىكمىسىنى ئوز ئىچىگە ئالغان قوشما سوز بىرىكمىسى بولسۇن (بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز)، جۈملىدە خۇددى ئايرىم-ئايرىم كەلگەن سوزلەرگە ئوخشاشلا بىرلا سوزنىڭ، لىكىن ئۇقۇم جەھەتتىن تىخىمۇ تولۇق، روشەن بولغان بىر سوزنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

“彻底的唯物主义者是无所畏惧的，我们希望一切同我们共同奋斗的人能够勇敢地负起责任，克服困难，不要怕挫折，不要怕有人议论讥笑，也不要怕向我们共产党人提批评建议”。

”ئۇزۇل-كىسىل ماتىرىيالىستلار ھىچنىمىدىن قورقمايدۇ، بىز بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان، قىيىن-

چىلىقنى يېڭەلىدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقمايدىغان، شۇنىڭدەك بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىت ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

بۇنى ئايرىم-ئايرىم سۆزلەردىن قۇرۇلغان جۈملە تەقلىتىدە تەھلىل قىلساق مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

"唯物主义者是无畏的，我们希望人们负起，克服，不要怕，不要怕，不要怕。"

«ماتېرىيالىستلار قورقمايدۇ، بىز كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان، يېڭەلىدىغان، قورقمايدىغان، قورقمايدىغان، قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

دېمەك، قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى بولىكى ئىگە، خەۋەردىن، ئىككىنچى بولىكى ئىگە، خەۋەردىن تۈزۈلگەن.

ئەگەر سوز بىرىكمىلىرى بويىچە ھەل قىلساق، جۈملىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈشى ئوخشاشلا ئىگە، خەۋەر، ئىگە، خەۋەر بولۇپ چىقىدۇ:

"彻底的唯物主义者是无所畏惧的。"

«تۈزۈل-كېسىل ماتېرىيالىستلار ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ.»

"我们希望一切同我们共同奋斗的人能够勇敢地负起责任，克服困难，不要怕挫折，不要怕有人议论讥笑，也不要怕向我们共产党人提批评建议。"

«بىز بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان،

قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقمايدىغان، شۇنىڭدەك بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىت ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقمايدىغان بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.»

دېمەك، يۇقۇرقى قوشما جۈملە جەمى 8 سوز بىرىكمىسى بىلەن كەلگەن.

1.彻底的唯物主义者 ئۈزۈل-كېسىل ماتېرىيالىستلار

2.无所畏惧 (A) ھېچنېمىدىن قورقماسلىق

3.一切同我们共同奋斗的人

بىز بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەر

4.勇敢地负起责任

مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش

5.克服困难 قىيىنچىلىقنى يېڭىش

6.不要怕挫折 ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماسلىق

(A)سوزلەر بىرىكمىسىنى تەكىتلەپ كورسىتىش ئۈچۈن، بىرىكمىدە باش سوز بولۇپ كەلگەن پېئىللار شەخس، زامان، بىرلىك ھەم كوپلۈكنى بىلدۈرىدىغان ھەركەت نامى تەقلىتىدە ئېلىندى.

7.不要怕有人议论讥笑

كىشىلەرنىڭ گەپ-سوزلىرى ۋە مەسخىرىسىدىن قورقماسلىق

8.不要怕向我们共产党人提批评建议

بىز كوممۇنىستلارغا تەنقىت ۋە تەكلىپ بېرىشتىن قورقماسلىق

---

ئىزاھ: ئۇزۇن سىزىقلار سوزلەر بىرىكمىسى؛ قوش سىزىقلار شۇ بىرىكمىلەردىكى باش سوز.

سوز بىرىكمىلىرى جۈملىدە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، يەنى جۈملىدە ھەرخىل رولLارنى ئوينايدۇ.

دىگەن بىرلا سوز بىرىكمىسىنى مىسال "模范的共产党员" كەلتۈرەيلى.

1. "模范的共产党员是一个光荣称号。"

"ئۈلگىلىك كوممۇنىست — شەرەپلىك نام."

2. "雷锋是模范的共产党员。"

"لېي فېڭ — ئۈلگىلىك كوممۇنىست."

3. "我要争取做一个模范的共产党员。"

"ئۈلگىلىك كوممۇنىست بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن."

4. "模范共产党员的先进事迹值得我们努力学习。"

"ئۈلگىلىك كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى بىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ."

5. "作为一个模范的共产党员,雷锋为人民献出了性命。"

"ئۈلگىلىك كوممۇنىست بولغىنى ھالدا، لېي فېڭ خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى."

ئوخشاش بىر سوز بىرىكمىسى جۈملە تەركىۋىدە جۈملىنىڭ ھەرخىل بولەكلىرى بولۇپ كېلىدۇ. يۇقۇرقى 1 ـ مىسالدا ئىگە، 2 ـ مىسالدا خەۋەر، 3 ـ مىسالدا تولدۇرغۇچى، 4 ـ مىسالدا ئېنىقلىغۇچى، 5 ـ مىسالدا رەۋىش (ھال) بولۇپ كەلگەن.

بۇنداق سوز بىرىكمىلىرى جۈملىدە مەيلى جۈملىنىڭ قايسى

بولىگى بولۇپ كەلسۇن، ئۇلار بىر ياكى بىرنەچچە سوزدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، جۇملىنىڭ گىراماتىكىلىق تۇزۇلۇشى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خۇددى بىر ياكى بىرقانچە شىخى بار بىر تۇپ دەرەخقە ئوخشاش، بىر سوزنىڭلا ئورنىدا رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن سوز بىرىكمىسى تەركىۋىدىكى سوزلەرنى جۇملىنىڭ باشقا بولەكلىرىگە ياكى باشقا سوز بىرىكمىلىرىگە ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ”ئۇلگىلىك بولغىنى هالدا كوممۇنىست“ دىيىش مۇمكىن ئەمەس. ”ئۇلگىلىك ۋە كوممۇنىست“ دىيىش هەم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق بولغاندا، ئۇ سوز بىرىكمىسى بولالمىغانىنىڭ ئۇستىگە، ئەسلى مەنىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن، سوز بىرىكمىسىنىڭ تۇزۇلۇش تەرتىپلىرىنى ئوبدان ئىگەللەش ۋە توغرا چۈشىنىش جۇملىنى تەهلىل قىلىشتا ۋە چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تۇزۇلۇشى

يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، سوز بىرىكمىسى گىراماتىكا جەهەتتىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بىرقانچە سوزدىن قۇرۇلغان، پۈتۈن بىر ئوي-پىكىرنى ئاڭلىتالمايدىغان ”چولتا“ گەپتىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ”چولتا“لىغى شەكلىدە ئەمەس، پەقەت مەنىسىدىلا ئىپادىلىنىدۇ.

"中央民族学院的学生" (مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەند-
ىنىڭ ئوقۇغۇچىسى) — بۇ بىر سوز بىرىكمىسى. "他是学生"
(ئۇ — ئوقۇغۇچى) — بۇ جۈملە. ئايرىم-ئايرىم سوز ئىپتىۋارى
بىلەن قارىغاندا، يۇقۇرقى سوز بىرىكمىسى "ئۇ — ئوقۇغۇچى"
دىگەن تولۇق بىر ئوي-پىكىرنى ئۇقتۇرىدىغان، ئىككىلا
سوزدىن قۇرۇلغان جۈملىگە قارىغاندا، تولۇق بىر ئوي-پىكىرنى
ئاڭلىتالمايدۇ. دىمەك، شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى
سوز بىرىكمىلىرى ھەتتا ئەڭ قىسقا جۈملىلەردىن بىرنەچچە
ھەسسە ئۇزۇن بولۇپمۇ كىلىدۇ. ھەتتا ئۇزۇن سوز بىرىكمىسى
ياكى بىرنەچچە قىسقا سوز بىرىكمىسىنى ئوز ئىچىگە ئېلىش
بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

"每一个共产党员，一定要学习白求恩同志的这种真正共产主义的精神。"

"ھەر بىر كوممۇنىست يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس بۇنداق روھىنى جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك."

بۇ جۈملىدىكى "يولداش بېتيۇننىڭ ھەقىقى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس بۇنداق روھىنى جەزمەن ئۆگىنىش" دىگەن سوز بىرىكمىسىنى مۇنداق دىيىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، بۇ بىر سوز بىرىكمىسى. بۇنىڭدىكى باش
سوز — "ئۆگىنىش"؛ "جەزمەن" دىگەن ھال بولسا "ئۆگىنىش"
دىگەن باش سوزنى ئېنىقلاپ كەلگەن؛ "يولداش بېتيۇننىڭ
ھەقىقى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس بۇنداق روھى" — بۇمۇ بىر سوز

بىرىكـمىسى بولۇپ، ”نى“ قوشۇمچىـسىنىڭ ياردىـمى بىلەن ”ئۇگىنىش“ سوزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ”يولداش بىتيۇننىڭ ھەقىقى كوممۇنىزىمچى-لارغا خاس بۇنداق روھى“ بىر سوز بىرىكمىسى بولغان ھالدا، باش سوز ”روھ“نى تولدۇرۇپ، ئىنىقلاپ كېلىدۇ، يەنى ”يولداش بىتيۇن“ ۋە ”ھەقىقى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس“ دىگەن سوزلەر بۇ سوز بىرىكمىسىدىكى باش سوز ”روھ“نى ئىنىقلاپ كېلىدۇ.

ئۈچىنچىـدىن، ”ھەقىقى كوممۇنىزىمـچى“ — بۇ ھەم بىر سوز بىرىكـمىسى بولۇپ، ”ھەقىـقى“ سوزى ”كومـمۇنىزىمـچى“نى ئىنىقلاپ، ئۇنىڭغا بېقىندا بولۇپ كەلـگەن.

قىسقا سوز بىرىكمـىلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالـغان ئۇزۇن سوز بىرىكمـىلىرى، قارىـماققا مۇرەككەپـتەك كورۇنىـىمۇ، لېـكىن گىراماتىكا نۇقتىسىدىن ئۇنى ئۇزۇن جۇملـىنىڭ بىر تەركىۋى قىسـمى، سوزلەرنىڭ بىرىكىشـىدىن ھاسىل بولغان سوز دەپ قارايدىغان بولساق، چۇشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

ئاساسەن مۇنداق توت خىل سوز بىرىكمىسى ئۇستىدە توختى-لىمىز:

تەڭداش سوزلەر بىرىكمىسى، بېقىندى باغلىنىشـتا كەلـگەن سوزلەر بىرىكـمىسى، باشـقۇرۇش باغـلىنىشتا كەلـگەن سوزلەر بىرىكمىسى، ئىگە ۋە خەۋەرلىك سوزلەر بىرىكمىسى.

## A . تەكـداش سوزلەر بىرىكـمىسى

بۇنداق سوز بىرىكمىسىدىكى سوزلەرنىڭ رولى تەڭ-باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ، بىر بىرىنى باشقۇرمايدۇ، بىر بىرىگە بېقىنمايدۇ. مەسلەن:

"矛盾和斗争是普遍的、绝对的。"

"زىددىيەت ۋە كۈرەش ئومۇمى، مۇتلەق بولىدۇ."

"指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。"

"بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزىرىيۋى ئاساس — ماركسىزىم-لېنىنىزىم."

تەڭداش سوزلەر بىرىكمىسى جۇملىدە مەيلى ئىگە، خەۋەر ياكى تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ياكى رەۋىش بولۇپ كەلسۇن، خۇددى جۇملىنىڭ بىرەر بولىكى بولۇپ كەلگەن بىر سوز ئورنىدا رول ئوينايدۇ.

بۇنداق سوزلەر بىرىكمىسى، خۇددى يۇقۇرقى مىساللاردا كورسىتىلگەندەك، گايىدا تىنىش بەلگىلىرى، گايىدا "ۋە"، "هەم" دىگەندەك باغلىغۇچىلار بىلەنمۇ كېلىۋېرىدۇ.

"这一工作，是艰巨而光荣的。"

"بۇ خىزمەت مۇشكۇل ۋە لېكىن شەرەپلىك."

تەڭداش سوزلەر بىرىكمىسى قىسقا سوز بىرىكمىلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سوز بىرىكمىسى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

مەسلەن:

“群众生产，群众利益，群众经验，群众情绪，这些都是领导干部们应时刻注意的。”

"ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى، ئاممىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئاممىنىڭ كەيپىياتى — مانا بۇلارغا رەھبىرىي كادىرلار ھەر دائىم دىققەت قىلىشى لازىم."

قىسقا سوز بىرىكمىلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى قىسقا سوز بىرىكمىلىرى گىراماتىكا نۇقتىسىدىن يەنىلا بىر سوز (ئەلۋەتتە، ئۇقۇم جەھەتتىن تولۇقلانغان، روشەنلەشكەن سوز) ئورنىدا قارىلىدۇ، بۇنداق ئۇزۇن سوز بىرىكمىسىدىكى قىسقا سوز بىرىكمىلىرىمۇ بىر بىرىگە بېقىنمايدۇ، بىر بىرىنى باشقۇرمايدۇ، شۇ ئۇزۇن سوزلەر بىرىكمىسىدە بىر بىرىدىن مۇستەقىل، باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ.

تەگداش سوزلەر بىرىكمىسىنىڭ تۇزۇلۇشىنى مۇنداق ۋورمۇلا بىلەن كورسىتىش مۇمكىن:

(1) ئات + ئات (مەسلەن: ئەدىبىيات ـ سەنئەت؛ ئىشچى، دىخان).

(2) پېئىل + پېئىل (مەسلەن: بىر يىغلاپ، بىر كۇلۇپ؛ گاھ مېڭىپ، گاھ توختاپ).

(3) سۇپەت + سۇپەت (مەسلەن: ھەم قىزىل، ھەم يېشىل؛ ھەم يىغلاڭغۇ، ھەم كۇلگۇنچەك).

تەگداش سوزلەر بىرىكمىسىدىكى سوزلەر (شۇ جۇملىدىكى

ئۇزۇن سوز بىرىكمىسى تەركىۋىدىكى قىسقا سوز بىرىكمىلىرىنىڭ باش سوزلىرى — مەسىلەن، يۇقۇرقى ئۇزۇن سوز بىرىكمىسى تەركىۋىدىكى "ئىشلەپچىقىرىش، مەنپەئەت، تەجرىبە ۋە كەيپىيات") كوپ ھاللاردا تۇر جەھەتتىن ئوخشاش خاراكتىردا بولغان سوزلەردىن بىرىكىدۇ. يەنى بۇنداق سوز بىرىكمىسىدىكى سوزلەر ياكى قاتار ئاتلاردىن، ياكى قاتار پېئىللاردىن ياكى قاتار سۇپەتلەردىن بولۇپ كېلىدۇ.

بۇ، تەڭداش سوز بىرىكمىسىنىڭ تۇزۇلۇش خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن: "理想和志愿" (غايە ۋە خاھىش) — بۇ ئىككى ئاتتىن تەركىپ تاپقان سوز بىرىكمىسى بولۇپ، بۇ بىرىكمە سوز تۇركۇمى بويىچە ئات بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

"讨论并决定" (مۇزاكىرىلەشتى ھەم قارار چىقاردى)" — بۇ ئىككى پېئىلدىن تەركىپ تاپقان پېئىل خاراكتىرلىق سوزلەر بىرىكمىسى.

"艰巨而光荣" (مۇشكۇل ۋە لېكىن شەرەپلىك)" — بۇ ئىككى سۇپەتتىن تەركىپ تاپقان سوز بىرىكمىسى بولۇپ، جۇملىدە سۇپەت خاراكتىرى بىلەن رول ئوينايدۇ.

بۇنداق سوز بىرىكمىسىدىكى سوزلەر ئورۇن تەرتىۋى جەھەتتە، تەرجىمىدە خەنزۇ تىلىنىڭ تەرتىۋى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا ئادەتتىكە قاراپ بۇنداق رەت تەرتىۋىنى ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

"工商" (سانائەت، سودا)"، "职工 (خىزمەتچى، ئىشچى)"

دىگەنـگە ئوخشاش سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇيـغۇر تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە "سودا ـ سانائەت"، "ئىشـچى ـ خىزمەتـچى" دەپ ئالماشـتۇرۇپ تەرجـىمە قىلىش مۇمكىن.

## B. بېقىندا باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسى

بۇنداق سۆز بىرىكمـىسى تەركىۋىـدىكى سۆزلەر، تەڭـداش سۆزلەر بىرىكمىسىدىكى سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەكـسىچە، مۇسـتەقىل، باراۋەر ئورۇندا تۇرمايـدۇ، بۇنـداق سۆز بىرىكـمىسى تەركىۋىدىكى سۆزلەر ھەرقانچە كۆپ بولسـىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرسى باش (ياكى مەركەز) سۆز بولۇپ، قالغانـلىرى شۇ باش سۆزگە خىزمەت قىلىدۇ، يەنى باش سۆزگە ئەگىشـىپ، ئۇنـڭغا بېقىندا بولۇپ كېلىدۇ.

باش سۆز بىلەن بېقىندى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇنـداق: بېقىنـدى سۆزلەر باش سۆزنى ئېنىقـلايدۇ، ئۇنىڭ مەنـىسىنى تولۇقلايدۇ، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

"这种思想体系和社会制度……是自有人类历史以来，最完全最进步最革命最合理的。"

"ئۇ ـــ ئىنسانىيەت تارىخىـدىن بۇيانقى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي، ئەڭ مۇۋاپىق ئىدېئولوگىـيە ۋە ئىـجتىمائىي تۈزۈم."

بۇ مىسالدا "ئىنسانىيەت" سۆزى "تارىخ"قا، "ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىنقىـلاۋىي، ئەڭ مۇۋاپىـق" سۆزلـىرى "ئىدېئولوگىيە"گە،

”ئىجتىمائى“ سوزى ”تۇزۇم“گە بېقىندا بولۇپ، ئۇزىنى بېقىندۇرغان باش سوزنى تولدۇرۇپ، ئېنىقلاپ كەلگەن.

توۋەندىكى مىساللاردىكى سوز بىرىكمىلىرىدىمۇ سوزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە شۇنداق:

“领导我们事业的核心力量是中国共产党。”

“指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。”

”بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلىغۇچى يادرو كۇچ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى.“

”بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىغۇچى نەزىرىيىۋى ئاساس — ماركسىزىم - لېنىنىزىم.“

青年是整个社会力量中的一部分最积极最有生气的力量。”

”ياشلار پۇتۇن ئىجتىمائى كۇچلەر ئىچىدە بىر قىسىم ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ جانلىق كۇچ.“

بېقىندا باغلىنىشتا كەلگەن سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تۇزۇلۇش تەرتىۋى مۇنداق:

كوپ ھاللاردا بېقىنغۇچى، تولۇقلىغۇچى ۋە ياكى ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىغان سوزلەر باشتا، بېقىندۇرغۇچى، تولۇقلانغۇچى، ئېنىقلاندۇرغۇچى سوز، يەنى مەركىزىي سوز ئاخىردا كېلىدۇ. مەسىلەن:

“先进生产者。” ”ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى.“

“伟大、光荣、正确的中国共产党。”

"ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى."
بۇنىڭدا "ئىلغار" سۆزى بېقىندا؛ "ئىشلەپچىقارغۇچى" باش سۆز، يەنى بېقىندۇرغۇچى.

"ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا" سۆزلىرى (ياكى سۈپەت سۆزلەر بىرىكمىسى) بېقىندا؛ "جۇڭگو" سۆزى بېقىندا؛ "كوممۇنىستىك پارتىيە" باش سۆز، يەنى بېقىندۇرغۇچى.

ئايرىم هاللاردا، بېقىندا باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىرىكمىسىدە، يۇقۇرقى مىساللارنىڭ ئەكسىچە، باش سۆز باشتا، بېقىندا سۆزلەر باش سۆزنىڭ كەينىدىمۇ كېلىدۇ، يەنى باش سۆز كەينىدىن ئىزاهلاش يولى بىلەن ئېنىقلاپ، باش سۆزگە ئىزاهلاش يولى بىلەن بېقىنىپمۇ كېلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى كۆپىنچە مۇنداق شەكىلدە كېلىدۇ:

"我们共产党人。" "بىز، كوممۇنىستلار."

"党委'一班人'" "پارتكوم، 'بىر بەن ئادەم'."

"工农基本群众。" "ئىشچى-دىخانلار، ئاساسىي ئاممىا."

ئارقىدىن ئىزاهلاش يولى بىلەن كەلگەن بۇنداق سۆزلەر بىرىكمىسى تەرجىمىدە مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. ئەگەر خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى ئوبدان ئىگەللەنمىسە، تەرجىمىدە ئاسانلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

（1） "我们这个队伍完全是解放人民的，是彻底地为人民的利益工作的。"

ئەگەر بۇ جۈملىنى "بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى

ئازاتلىقنا چىقىرىشنى كوزلەيدۇ، ئۇزۇل-كېسىل خەلق مەنپە-
ئەتى ئۇچۇن ئىشلەيدۇ“ دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنە-
سىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ. چۇنكى خەنزۇچىدىكى مەنە ”بىز، بۇ
قوشۇن،...... كوزلەيمىز،...... ئىشلەيمىز“ دەپ، بىرىنچى
شەخس بىلەن كەلگەن. ۋاھالەنكى تەرجىمىدە بولسا، ”......
قوشۇنىمىز...... كوزلەيدۇ،...... ئىشلەيدۇ“ دەپ، ئۇچىنچى
شەخس بىلەن تەرجىمە قىلساق، ئەسلى خەنزۇچىدا ئىگىسىمۇ،
خەۋىرىمۇ بىرىنچى شەخستە كەلگەن گەپ تەرجىمىدە ئۇچىنچى
شەخسكە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، گىراماتىكا جەھەتتىن توغرا
بولسىمۇ، مەنە جەھەتتىن توغرا بولماي قالىدۇ.

（2）“我们一切工作干部，不论职位高低，都是人民的勤务员，我们所做的一切，都是为人民服务，……”

بۇ جۇملىنىمۇ ”بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىز، مەيلى خىزمەت
ئورنى يۇقۇرى بولسۇن ياكى توۋەن بولسۇن، خەلقىنىڭ خىز-
مەتكارى،......“ دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى مەنىسىگە
ئۇيغۇن بولمايدۇ. ئەسلى مەنە ”بىز، بارلىق كادىرلار، مەيلى
خىزمەت ئورنىمىز يۇقۇرى بولسۇن ياكى توۋەن بولسۇن،
خەلقنىڭ خىزمەتكارى......“ دىگەن بىرىنچى شەخستە كەلگەن.

（3）“只要我们全体英勇善战的八路军新四军，人人个个不但会打仗，会作群众工作，又会生产，我们就不怕任何困难，就会是孟夫子说过的：无敌于天下。”

”بىزنىڭ قەھرىمان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر پۇتۇن 8-ئارمىيە

بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيەمىزدىكى ھەر بىر كىشى ئۇرۇش قىلىشنى ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشنىلا بىلىپ قالماي، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىمۇ بىلىدىغان بولسا، بىز ھېچقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز، مېڭزى ئېيتقاندەك: "دۇنيادا تەگدىشى يوق" بولالايمىز.

بۇ جۈملىدىمۇ بىرىنچى شەخس ئۈچىنچى شەخس مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا تەرجىمىدە خاتالىق يۈز بەرگەن.

تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تەھلىل قىلىپ كورەيلى:

"我们这个队伍"，"我们一切工作干部"，"我们全体英勇善战的八路军新四军"

بىرىنچى مىسالدا "بىز" سۆزى باش سۆز، "بۇ قوشۇن" سۆزى بولسا باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز.

ئىككىنچى مىسالدا، "بىز" سۆزى باش سۆز، "بارلىق كادىرلار" سۆزى بولسا باش سۆزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز.

ئۈچىنچى مىسالدا، "بىز" سۆزى باش سۆز، "قەھرىمان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر پۈتۈن 8 ـ ئارمىيە بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيە" دىگەن سۆزلەر بىرىكمىسى باش سۆز "بىز"نى ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سۆز بىرىكمىسى.

ئەگەر بىز بۇنداق سۆز بىرىكمىسىدىكى باش سۆزنى تەرجىمىدە ئالماشتۇرۇپ قويساق، نەتىجىدە ئەسلى خەنزۇچىدىكى

باش سوزلەر بىقىنىدا (ئېنىقلىغۇچى) سوزگە، ئەسلى خەنزۇ-چىدىكى بىقىنىدا (ئېنىقلىغۇچى) سوزلەر باش سوزگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، مەنە جەھەتتىن بىرىنچى شەخس ئۇچىنچى شەخسكە (يەنى "بىز" سوزى "ئۇلار" سوزىگە، "ئۇلار" سوزى "بىز" سوزىگە) ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق تەرجىمە گىراماتىكا جەھەتتىن توغرا كورۇنسىمۇ، مەنتىق جەھەتتىن گويا "ئۇلار ناننى چايناپ بەرسە، بىز يۇتۇۋېرىمىز" دىگەندەك، مەنىسى توغرا بولمايدۇ.

ئەگەر ھىلىقىدەك تەرجىمىمىزنى خەنزۇچىغا ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، نەتىجىدە "我们的一切工作干部", "我们的全体" "我们的这个队伍" دىگەن شەكىل كېلىپ چىقىدۇ. ۋاھالەنكى، خەنزۇچە جۇملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە يۇقۇرقىدەك باش سوز باشتا، بىقىندا سوز باش سوزنىڭ كەينىدە، باش سوزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن جۇملىلەردە، "我们这个队伍, ……, 我们……" دىگەن تەقلىتتە كېلىدۇ.

ئەگەر، ئادەتتە، دىققەت قىلىنسا، خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئىگەللەش تامامەن مۇمكىن.

بۇنداق باش سوزنى ئارقىدىن ئىزاھلاپ ئېنىقلاش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن سوز بىرىكمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، خەنزۇ تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىدە، بۇنداق سوز بىرىك-مىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە، بىقىندا سوز ئارقىدا، باش

سوز باشتا كەلگەچكە، ئىنقىلىغۇچىلارنىڭ بىردىن-بىر ئالامىتى بولغان "的" قوشۇمچىسى بولمايدۇ، بۇ-بىر تەرىپى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تولا چاغلاردا مۇستەقىل سوزلەر ھېچبىر باغلىغۇچىسىزلا قاتار تىزىلىپ كېلىدۇ.

لېكىن تەرجىمىدە باش سوز بىلەن ئارقىدىن ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندا سوزلەرنىڭ ئالدى-كەينىگە تىنىش بەلگىسى (،) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

"我们无产阶级的先锋战士，必须读马列的书，毛主席著作。"

"بىز، پۇرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرى، ماركس-لېنىن كىتاپلىرىنى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشىمىز لازىم."

تەرجىمىدە بۇنداق سوز بىرىكمىسى ئەگەر ئوز مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولسا، بىرىنچى شەخس ئۇچىنچى شەخسكە ئايلىنىپ قالمايدىغان بولسا، خەنزۇچە ئەينەن تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. مەسىلەن:

"我们中华民族有同自己的敌人血战到底的气概，有在自力更生的基础上光复旧物的决心，有自立于世界民族之林的能力。"

"بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئوز دۈشمىنىمىز بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش روھىغا ئىگىمىز، ئوز كۈچىمىزگە تايىنىش ئاساسىدا، قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە شان-شوھرىتىمىزنى قايتا تىكلەش ئىرادىسىگە

ئىگىمىز، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتىرىپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگىمىز.“

بۇنىڭدا ”بىز جۇڭخۇا مىللىتى“ دىگەن سۆز بىرىكمىسى، ئەسلى مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. پۈتۈن جۈملە بويىچە بىرىنچى شەخستە ئىپادىلەنگەن.

باش سۆزى باشتا، ئېنىقلىغۇچى بېقىندا سۆزلىرى ئارقىدا كەلگەن بۇنداق بېقىندا باغلىنىشلىق سۆز بىرىكمىلىرى، يۇقۇر-قىلاردىن باشقا، مۇنداق شەكىلدىمۇ كېلىدۇ:

“北京，伟大祖国的首都，是我们日夜向往的地方。”

”بېيجىڭ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى، بىز كېچە-كۈندۈز تەلپۈنىدىغان جاي.“

بۇنداق شەكىل ئۆز تەرتىۋى بويىچە تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەگەر گىراماتىكا قائىدىسى بويىچە، يەنى ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى سۆزلەرنى باش سۆز بىلەن ئالدى-كەينىگە پەش (،) قويۇپ ئايرىماستىن، باش سۆزدىن كېيىن سىزىق (—) قويۇش يولى بىلەن تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ هالدا “北京是伟大祖国的首都” (بېيجىڭ — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى) بولۇپ، مەنە پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، يەنى ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملىگە ئايلىنىپ، باش سۆز ئىگە، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بېقىندا سۆزلەر خەۋەر بولۇپ قالىدۇ-دە، تەرجىمە خاتا بولىدۇ.

يۇقۇرقى قائىدىلەر بويىچە، تۆۋەندىكى بىرنەچچە سۆز

بىرىكمىسىنى تەرجىمە قىلىپ كورەيلى:

“马列主义这个普遍真理，是我们的指导理论。”

”ماركسىزم-لېنىنىزىم، بۇ ئومۇمى ھەقىقەت، بىزنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىمىز.“

“印度次大陆，就是亚洲西部。”

”ھىندىستان، 2-چوڭ قۇرۇقلۇق، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىن ئىبارەت.“

“苏美两个超级大国……”

”سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دولەت......“

“我们中朝两国人民，……”

”بىز، جۇڭگو-چاۋشيەن خەلقلىرى،......“

ھازىر بۇ شەكىلدىكى سوز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ”ماركسىزم-لېنىنىزىمدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمى ھەقىقەت“، ”ھىندىستاندىن ئىبارەت 2-چوڭ قۇرۇقلۇق“ دىگەن ”ئىبارەت“ شەكلى خېلى ئومۇملاشماقتا. ئەلۋەتتە ”ھىندىستان 2-چوڭ قۇرۇقلۇغى“ دەپ تەرجىمە قىلىپ، ”ھىندىستاننىڭ 2-چوڭ قۇرۇقلۇغى“ دىگەندەك مۇجمەل مەنەنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كوره، ”ئىبارەت“ شەكلى ھەر ھالدا مەنە جەھەتتىن روشەن بولسا كېرەك.

## C . ئۆتتۈملۈك پېئىل بىلەن كەلگەن سۆز بىرىكمىسى

سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۇنداق شەكىلدە تۈزۈلۈشى، ئومۇمەن ئۆتتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

"学习马列主义和毛泽东思想."

"ماركسىزىم-لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش."

بۇ مىسالدا "ئۆگىنىش" (پېئىل) "ماركسىزىم-لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى" تولدۇرغۇچى.

پېئىلنىڭ پائالىيىتى كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە يارىشا بىرەر نىشاننى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى ئۇ پائالىيەتنى ئۆتكۈزىدىغان بىر ياكى بىرقانچە تولدۇرغۇچىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق سۆز بىرىكمىسى ئات (بىر ياكى بىرنەچچە) + پېئىل شەكلىدە كېلىدۇ. بۇلار ئاددىي شەكىلدىكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بەزىدە بىر ياكى بىرنەچچە قىسقا سۆز بىرىكمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

"百花齐放、百家争鸣的方针，是促进艺术发展和科学进步的方针，是促进我国的社会主义文化繁荣的方针。"

"بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنى سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان فاڭجېن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان

فاڭجىن.“

بۇ يەردە ”بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش“، ”ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش“ دىگەن سوزلەر ئوز ئالدىغا مۇستەقىل ئىككى سوز بىرىكمىسى بولۇپ، ”فاڭجېنى“ سوزىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر پۈتۈن ئۆزۈن ياكى مۇرەككەپ سوز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان. ”سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى“نى ۋە ”پەننىڭ تەرەققىياتى“نى ”ئالغا سۈرىدىغان“ ياكى ”ئالغا سۈرۈش“ (”فاڭجېنى“) شۇنداقلا ”مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك گۈللىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان“ ياكى ”ئالغا سۈرۈش“ (”فاڭجېنى“) دىگەن مۇستەقىل قىسقا سوز بىرىكمىلىرىمۇ ”فاڭجېن“ ياكى ”فاڭجېنى“ دىگەن باش سوزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر پۈتۈن، ئۆزۈن ياكى مۇرەككەپ سوز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇنداق سوز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، بىرىكمىدىكى باش سوزنى ئېنىقلايدىغان سوزلەرنى ھەركەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ”قىلىش“، ”ئېتىش“ شەكلى بىلەن ياسىغان ياخشى (مەسىلەن، ئېچىلىش، سايراش فاڭجېنى).

بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق سوز بىرىكمىسى تەركىۋىدىكى باش سوز بىلەن بېقىندا سوزلەرنى سۈپەت پېئىل شەكلى (غان، قان، غۇچى، گۇچى......) بىلەن باغلاش ھەم مۇمكىن. يۇقۇرقى مىسالنىڭ ئىككىنچى قىسمى بۇنىڭ تىپىك بىر دەلىلى بولالايدۇ. بۇنداق سوز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ھازىر ”......دىن ئىبارەت فاڭجېن“، ”...... تەك فاڭجېن“، ”......ش دىگەن

فاڭجېن" دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەر كۆپەيمەكتە. بۇ شەكىل، ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىلنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزىدۇ، تەرجىمىدىكى خاملىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق شەكىللەردىن ساقلانغان ياخشى. تۆۋەندىكى ئۈلگىلەرگە قاراڭ:

"最坚决的抗日分子，……"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەڭ قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەر……"

"人民，只有人民，才是创造世界历史的动力。"

"خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ."

"领导我们事业的核心力量是中国共产党。"

"指导我们思想的理论基础是马克思列宁主义。"

"بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى."

"بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس — ماركسىزىم - لېنىنىزىم."

"我们的文艺工作者一定要完成这个任务，一定要把立足点移过来，一定要在深入工农兵群众、深入实际斗争的过程中，在学习马克思主义和学习社会的过程中，逐渐地移过来，移到工农兵这方面来，移到无产阶级这方面来。只有这样，我们才能有真正为工农兵的文艺，真正无产阶级的文艺。"

"بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلىشى، مەۋقەسىنى چوقۇم يۆتكىشى، ئىشچى - دېخان - ئەسكەرلەر ئاممىسى ئىچىگە ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەرگە چوڭقۇر

چوكۇش جەريانىدا ماركسىزىمنى ۋە جەمىيەتنى ئۇگىنىش جەر-يانىدا چوقۇم پەيدىن-پەي يوتكىشى، ئىشچى، دىخان، ئەسكەر-لەر تەرەپكە يوتكىشى، پۇرولېتارىيات تەرەپكە يوتكىشى كېرەك. پەقەت شۇنىداق قىلغانىدىلا، بىز ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۇچۇن ھەقىقى خىزمەت قىلىدىغان ئەدىبىيات-سەنئەتكە، ھەقىقى پۇرولېتارىيات ئەدىبىيات-سەنئىتىگە ئىگە بولالايمىز.»

"发展国民经济的总方针。"

"خەلق ئىگىلىگىنى راۋاجلاندۇرىدىغان باش فاڭجېن."

"刺骨的冷风。" "جانغا تېگىدىغان سوغاق شامال."

"平整土地的事儿。"

"يەرنى تەكشىلەيدىغان ئىش."

"实现四个现代化的伟大斗争。"

"4 نى زامانىۋىلاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ كۇرەش."

بەزىدە ئوتتۇرىدىكى پېئىلنى ئوز ئىچىگە ئالغان سوز بىرىكمە-لىرىدە باش سوز توغرىدىن-توغرا سۇپەت پېئىللىرى ئارقىلىق بېقىندا سوزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

"伟大的抗日战争。"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇش."

"真正的反侵略战争。"

"تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەقىقى ئۇرۇش."

"世界反法西斯阵线。"

"فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى سەپ."

"一切抗日的党派，……"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق پارتىيە-گۇرۇھ-لار،......"

"一切抗日的人民组织。"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق خەلق تەشكىلاتلىرى."

ئۆز تەركىۋىدە ئوتۇملۇك پېئىللار بولغان سۆز بىرىكمىسىدە باش سۆز بىر سۆزدىن ياكى بىرىككەن سۆزلەردىن بولماي، قىسقا سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىپ تاپقان بولسا، پېئىل ھالىتىدە كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلار مۇتلەق كۆپ ھاللاردا "غان، قان، كەن، گەن" دېگەنگە ئوخشاش سۈپەت قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق باش سۆزگە بېقىنىپ، باش سۆزگە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

"在《经济问题与财政问题》一书里，毛泽东同志着重地批判了那种不注意动员人民发展经济而单纯在财政收支问题上打主意的错误思想，和那种不注意动员人民帮助人民发展生产渡过困难而只注意向人民要东西的错误作风，……"

"يولداش ماۋزېدۇڭ «ئىگىلىك مەسىلىسى ۋە مالىيە مەسىلىسى» دېگەن كىتاپتا ئىگىلىكنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن چەتلەپ، پەقەت مالىيە كىرىم-چىقىمى مەسىلىسى ئۈستىدىلا باش قاتۇرىدىغان خاتا ئىدىيىلەرنى ۋە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، پەقەت خەلقتىن نەرسە ئېلىش كويىدىلا بولىدىغان خاتا ئىستىلنى ئالاھىدە

پىپەن قىلدى، ......"

"一个有纪律的，有马克思列宁主义的理论武装的，采取自我批评方法的，联系人民群众的党。一个由这样的党领导的军队。一个由这样的党领导的各革命阶级各革命派别的统一战线。这三件是我们战胜敌人的主要武器。"

"ئىنتىزاملىق بولغان، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، ئۆز ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان پارتىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي سىنىپلار ۋە ئىنقىلابىي گۇرۇھلار بىرلىك سېپى — بۇ ئۈچى بىزنىڭ دۈشمەننى يېڭىشتىكى ئاساسىي قورالىمىز."

"党委制是保证集体领导，防止个人包办的党的重要制度。"

"پارتكوم تۈزۈمى — پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، شەخسنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم تۈزۈمى."

"…如果真正忘记了我党的总路线和总政策，我们就将是一个盲目的不完全的不清醒的革命者，……"

"پارتىيىمىزنىڭ باش لۇشيەنى ۋە باش سىياسىتىنى ھەقىقەتەن ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىدىكەنمىز، مۇكەممەل بولمىغان، سەگەك بولمىغان، قارىغۇ ئىنقىلابچى بولۇپ قالىمىز، ......"

سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرى (غان، قان؛ كەن، گەن......) بىلەن كەلگەن سوز بىرىكمىلىرىدە بۇنداق سۈپەت پېئىللارنىڭ زامان بىلەن تۇرلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچىدا بۇنداق سوز بىرىكمىلىرىدە، مەيلى شۇ سوز بىرىكمىسىدە بولسۇن ياكى شۇ سوز بىرىكمىسى بىلەن كەلگەن جۈملىدە بولسۇن، زامانىنى بىلدۇرىدىغان ياردەمچى سوز ياكى قوشۇمچىلار، ئادەتتە كەم ئۇچرايدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا، پۈتۈن ماقالىدىكى جۈملە مۇناسىۋىتىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

"中华人民共和国出席联合国大会的代表团。"

بۇ ئۇزۇن سوز بىرىكمىسىنى ئالساق، بۇنىڭدىكى "出席" سوزىنىڭ زامانىنى مۇشۇ سوز بىرىكمىسىنىڭ ئوزىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ زاماننى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇچۇن، پۈتۈن ماقالىدىكى جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا، بۇ سوز بىرىكمىسى (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ب د ت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئومىگى)دىكى زامان (قاتنىشىدىغان، قاتنىشىۋاتقان، قاتناشقان)نى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن.

تەركىۋىدە ئوتتۇملۇك پېئىل بولغان سوزلەر بىرىكمىسىدە ئەگەر بېقىندا سوزلەر خەنزۇچىدا سۈپەت + ئات + تولدۇرغۇچى + پېئىل شەكلىدە كېلىپ، باش سوز بىلەن باغلانسا، ئۇيغۇرچىدا ئات + تولدۇرغۇچى + پېئىل + سۈپەت تەقلىتىدە ئېلىنىپ، باش سوز بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

“这是一个社会主义的人民自我教育，自我改造的运动。”

”بۇ—خەلق ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان سوتسىيالىستىك ھەركەت.“

مۇشۇ مىسالدا خەنزۇچىدا ”社会主义的“ (سۈپەت)، ”人民“ (ئات)، ”自我“ (تولدۇرغۇچى)، ”教育……的“ (ياسالما سۈپەت)، ”运动“ (باش سوز، ئات).

ئۇيغۇرچىدا بولسا ”خەلق“ (ئات)، ”ئۆز ئۆزىنى“ (تولدۇرغۇچى)، ”تەربىيىلەيدىغان……“ (پېئىل)، ”سوتسىيالىستىك“ (سۈپەت)، ”ھەركەت“ (ئات، باش سوز).

دىمەك، بۇنداق سوز بىرىكمىسى تەركىۋىدە باش سوزنى ياسالما سۈپەت (غان، قان، غۇچى، گۇچى……) شەكلىدە ئەمەس، ئەسلى سۈپەت ھالىدا ئىنقىلاپ كەلگەن سوزلەر تەرجىمىدە توغرىدىن-توغرا باش سوز يېنىغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا ھەرقاچان سۈپەت سوز توغرىدىن-توغرا ئاتنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ. بۇنداق مىساللارنى كوپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

“臭名昭著的马列主义叛徒……”

”ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ سېسىق نامى پۇركەتكەن خائىنى……“

بۇ مىسالدىمۇ ”سېسىق نامى پۇركەتكەن“ دىگەن سۈپەت سوزى توغرىدىن-توغرا باش سوز ”خائىنى“نىڭ يېنىغا تارتىلغان.

“真正的反侵略阵线。”

"تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەقىقى سەپ."

"伟大的抗日战争。"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇش."

"革命的抗日根据地。"

"ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازا."

مۇشۇنداق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى مۇنداق:

خەنزۇچىدا: ئەسلى سۇپەت + پېئىل؛ ئۇيغۇرچىدا: تولدۇرغۇچى + پېئىل (سۇپەت پېئىل)، ئەسلى سۇپەت + ئات.

بەزى سوز بىرىكمىلىرى تەركىۋىدە سان سوز بولسا، باش سوزگە بېقىندا بولۇپ، ئۇنى ئېنىقلاپ كەلگەن سان سوز ھەرقاچان باش سوزگە بىۋاستە خىزمەت قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باش سوزگە يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

"……两个性质不同的革命过程……"

"خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىنقىلاپ جەريانى……" ياكى "ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى جەريانى……".

"在建设社会主义的时期，一切赞成、拥护和参加社会主义建设事业的阶级、阶层和社会集团，都属于人民的范围；一切反抗社会主义革命和敌视、破坏社会主义建设的社会势力和社会集团，都是人民的敌人。"

"سوتسىيالىزىم قۇرۇش دەۋرىدە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياقلايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشى-

دىغان بارلىق سىنىپلار، تەبىقىلەر ۋە ئىجتىمائى گۇرۇھلار خەلق دائىرىسىگە كىرىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا قارشى تۇرىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائى كۈچلەر ۋە ئىجتىمائى گۇرۇھلار خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى.“

“两个超级大国。”

”دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت.“

“三间住人的房子。”

”ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۈچ ئېغىز ئۆي.“

ئەگەر سۆز بىرىكمىلىرى تەركىۋىدە، خەنزۇچىدا بىرلىك ياكى كوپلۇكنى بىلدۈرىدىغان سۆز (بۇ يەردە پەقەت بىرلىك ياكى كوپلۇكنىلا بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بولسا، ئۇيغۇرچىدا سان سۆزنى قوللانماستىن، پەقەت شۇ بىرلىك ياكى كوپلۇككە بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان سۆزگە بىرلىك، كوپلۇك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن:

“一个有纪律的，有马克思列宁主义的理论武装的，采取自我批评方法的，联系人民群众的党。一个由这样的党领导的军队。一个由这样的党领导的各革命阶级各革命派别的统一战线……。”

”ئىنتىزاملىق بولغان، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، ئۆز ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىدى-

غان، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان پارتىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە؛ ئەنە شۇنداق پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي سىنىپلار ۋە ئىنقىلاۋىي گۇرۇھلار بىرلىك سېپى......"

"我们一定会建设一个具有现代工业、现代农业和现代科学文化的社会主义国家。"

"بىز مەملىكىتىمىزنى چوقۇم زامانىۋى سانائەتكە، زامانىۋى يېزا ئىگىلىگىگە ۋە زامانىۋى پەن-مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز."

"我们不但善于破坏一个旧世界，我们还将善于建设一个新世界。"

"بىز كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاشقىلا ماھىر بولۇپ قالماي، يېڭى دۇنيا قۇرۇشقىمۇ ماھىر بولىمىز."

"一个中国共产党员……"

"جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى (بىرلىك)......"

"一个革命干部"

"ئىنقىلاۋىي كادىر" (بىرلىك)

"广大职工" "كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر" (كوپلۇك)

سان ئالاھىدە تەكىتلەنگەندە، يۇقۇرقىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەندىكى مىسالدا سان سوزنى قىسقارتىپ، بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدا سان تەكىتلەنگەن.

“每一个党员，每一种局部工作，每一项言论或行动，都必须以全党利益为出发点，绝对不许可违反这个原则。”

"ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر قىسمەن خىزمەت، ھەر بىر سوز ياكى ھەركەت پۈتۈن پارتىيە مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى لازىم، بۇ پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ."

## d. ئىگە ۋە خەۋەرلىك سوز بىرىكمىسى

بۇنداق سوز بىرىكمىسى قارىماققا ئۇتۇملۇك پېئىللاردىن كەلگەن سوز بىرىكمىسىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق سوز بىرىكمىسى مەيلى قانچە سوزدىن ياسالسۇن، ھەم ئىگىسى، ھەم خەۋىرى بار جۈملىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن سوز بىرىكمىسىدە جۈملە شەكلى بولۇپ ۋەزىپە ئوتەيدۇ. مەسلەن:

“百花齐放，百家争鸣的方针，是促进艺术发展和科学进步的方针，……”

"بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاكجىنى سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان فاكجىن،......"

“国家要独立，民族要解放，人民要革命，这已经成为不可抗拒的历史发展趋势。”

"دولەتكە مۇستەقىللىق كېرەك، مىللەتكە ئازاتلىق كېرەك، خەلققە ئىنقىلاپ كېرەك، بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تارد-

خىي تەرەققىيات يونۇلۇشى بولۇپ قالدى.“

## e. سوز بىرىكمىسى ۋە ئىسىم

بىرنەچچە سوز بەلگىلىك تەرتىپتە بىر بىرىگە باغلىنىپ، سوز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا توختالدۇق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەچچە سوز — ئادەمنىڭ ياكى باشقا شەيئىلەرنىڭ ئاتلىرى بىرلىشىپ، بىرەر ئىسىمنىمۇ تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى | 先进生产者 |
| جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى | 中华人民共和国 |
| مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى | 全国人民代表大会 |
| خەلق گۇڭشىسى | 人民公社 |

ۋە باشقىلار.

ئىسىم سوز بىرىكمىسى بولسىمۇ، لېكىن جۈملىدە بىر سوز ئورنىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

# مۇرەككەپ جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا

«تەرجىمە ئەمەلىيىتى» سەرلەۋھەلىك ماقالامدا خەنزۇچە ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۇيغۇرچە تىلدا توغرا ئىپادىلەپ بېرىش توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ۋە تەجرىبىلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. شۇ مۇلاھىزە تەجرىبىلىرىمنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە بۇ يەردە مۇرەككەپ جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتتىكى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىم ئۈستىدە توختىلىمەن.

بىزگە مەلۇم، كىشىلەر ئادەتتە بىرەر ئوي-پىكىرنى، مەيلى ئېغىزدا ياكى يېزىقتا بولسۇن، مەلۇم بىر گەپ بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. گەپ بولسا بىر-ئىككى ھەتتا بىرقانچە سوزنىڭ بىرىكمىسىدىن، ئۇزئارا باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئەنە شۇنداق بىرەر ئوي-پىكىرنى بىلدۈرىدىغان گەپ گىرامماتىكىدا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) “我们正在前进。” “بىز ئىلگىرىلەۋاتىمىز.”

(2) “中国人民站起来了。” “جۇڭگو خەلقى دەس تۇردى.”

1-مىسالدىكى “我们”(بىز)، 2-مىسالدىكى “中国人民”

正在前进” جۇڭگو خەلقى)“ جۈملىنىڭ ئىگىسى؛ 1 ـ مىسالدىكى
(ئىلگىرىلەۋاتىمىز)”، 2 ـ مىسالدىكى ”站起来了 (دەس تۇردى)“
جۈملىنىڭ خەۋىرى.

ئادەتتە ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتىمۇ بىر بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. يۇقۇرقى 1 ـ مىسالدىمۇ، 2 ـ مىسالدىمۇ ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتىن بىر بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن. بۇ قائىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

لېكىن بىز ئادەتتە ئىگە ۋە خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىمىز. كوپ ھاللاردا باشقا بولەكلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، بېقىندۇرۇپ، مۇرەككەپ ئىگە گۇرۇپپىسىنى، خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق گىرامماتىكىلىق ھادىسە خەنزۇ تىلى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈنمۇ ئورتاق. مەسلەن:

（1） “共产主义精神在全国蓬勃发展。”

”كوممۇنىستىك روھ مەملىكەت بويىچە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.“

（2）“沿着党中央政治路线奋勇前进的我国各族人民，满怀信心地跨进了战斗的一九八〇年。”

”پارتىيە مەركىزي كومىتېتىنىڭ سىياسى لۇشيەنى بويىچە غەيرەت بىلەن ئالغا كېتىۋاتقان بىز ھەر مىللەت خەلقى جەڭگىۋار 1980 ـ يىلغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قەدەم قويدۇق.“

1 ـ مىسالدا ئىگە “精神” (روھ) سوزى ئۆزىنىڭ ئىنىقلى-
غۇچىسى بولغان ”共产主义“ (كوممۇنىستىك)“ سوزى بىلەن
بىرىكىپ، ئىگە گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان؛ خەۋەر ”发展
(راۋاجلانماقتا)“ سوزى ئۆزىنىڭ ھالىتى بولغان ”在全国
(مەملىكەت بويىچە)“، ”蓬勃 (جۇش ئۇرۇپ)“ دىگەن سوز-
لەر بىلەن بىرىكىپ، خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان.

2 ـ مىسالدا ئىگە ”人民 (خەلق)“ سوزى ئۆزىنىڭ ئىنىقلى-
غۇچىسى بولغان “沿着……的我国” ”پارتىيە......بىز ھەر
مىللەت“ سوزلىرىنىڭ بىرىكىشى بىلەن ئىگە گۇرۇپپىسىنى تەش-
كىل قىلغان؛ خەۋەر ”跨进了 (قەدەم قويدۇق)“ دىگەن سوز-
لەر ئۆزىنىڭ ھالىتى بولغان ”满怀信心地 (تولۇق ئىشەنچ
بىلەن)“ ۋە تولدۇرغۇچىسى بولغان ”战斗的一九八〇年
(جەڭگىۋار 1980 ـ يىلغا)“ دىگەن سوزلەر بىلەن بىرىكىپ،
خەۋەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان.

ئىگە گۇرۇپپىسى ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسى دىگەن گىراماتىك تىل ھادىسىسى ۋە سىنتاكسىس قائىدىسى بۇزۇلسا، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاشلا مەنە بۇزۇلىدۇ. دىمەك، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىگىنىڭ ئىنىقلىغۇچىلىرى ئىگىگە بىرىكىپ، خەۋەرنىڭ ئىنىقلىغۇچىلىرىمۇ خەۋەرگە بىرىكىپ، ياندىشىپ كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا خەۋىرى پېيىلدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە تولدۇرغۇچىمۇ ئىگە ۋە خەۋەر بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ كەل-

گەچكە، تولدۇرغۇچى جۇملىنىڭ باش بولىگىنىڭ بىر تەركىۋي قىسمى بولۇپمۇ ھىساپلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدا پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەر جۇملىنىڭ باش[1] بولىگى ھىساپلىنىدۇ.

بىز جۇملىنى چۈشىنىشتە ۋە ئىپادىلەشتە سىنتاكسىس جەھەتتىن ئاۋال ئىگە بىلەن خەۋەرنى، ئىگە گۇرۇپپىسى بىلەن خەۋەر گۇرۇپپىسىنى، يەنى باش بولەكلەرنى ئېنىقلايمىز، ئاندىن كېيىن شۇ باش بولەكلەرگە قاراشلىق بولغان ئەگەشمە بولەكلەرنى ئېنىقلايمىز.

خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسىدا جۇملىنىڭ باش بولىگى: ئىگە← خەۋەر←تولدۇرغۇچى.

ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىدا جۇملىنىڭ باش بولىگى: ئىگە← خەۋەر. يەنە بەزى ئۇقتىسنەزەرلەردە: ئىگە←تولدۇرغۇچى← خەۋەر.

خەنزۇ تىلىدا ئىگە باشتا، تولدۇرغۇچى ئاياقتا، خەۋەر ئوتتۇرىدا كەلسە، ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە باشتا، تولدۇرغۇچى ئوتتۇرىدا، خەۋەر ئاياقتا كېلىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ساۋات.

خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ جۇملىنىڭ باش بولەكلىرىدىن باشقا بولەكلىرى ئەگەشمە بولەك بولۇپ، ئۇلار باش

---

[1] بەزىلەر تولدۇرغۇچىنىمۇ باش بولەك قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. — ئاپتوردىن.

بولەكلەرنى ۋە بىر بىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. جۈملىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بولەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشلىرىنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تەرجىمىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تەرجىمىدە زورۇرىيەت ئالىمىدىن ھۆررىيەت ئالىمىگە ئۆتكىلى، ئەسلى مەنىنى خەنزۇچە جۈملە شەكلىدىن خالىي ھالدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى، قائىدىسى بويىچە بىمالال ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئاددى جۈملىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەسلى مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمىدە ھېچقانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تەرجىمە قىلىش بولۇپمۇ ياش تەرجىمانلار ئۈچۈن مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ رېيال ئەھۋال. بۇنداق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك؟

مېنىڭ تەجرىبەمچە، ئالدى بىلەن، يۇقۇرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، جۈملىنى ئىككى چوڭ بولەككە بولۇش مۇمكىن: ئىگە گۇرۇپپىسى ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسى (ئىگىسىز جۈملىنى، تاق سوزلۇك جۈملىنى، بەزى ھاللاردا، ئۇنداق بولەكلەرگە ئايرىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە).

ئىككىنچى قەدەمدە، پۈتۈن جۈملىنى بىر تۇپ دەرەخ دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇنىڭ چاتاقلىرىنى ئايرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ چاتاقلىرى ئىككى (ئىگە، خەۋەر)مۇ ياكى ئۈچ

(ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى)مۇ؟ بۇ چاتاقلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان چاغدا، شۇ چاتاقلاردىكى شاخلارنى، قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋاقتىنچە ئېتىۋاردىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇچىنچى قەدەمدە، چاتاقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇششاق شاخ-پۇتاقلارنى تېپىپ، قايسى چاتاقتا قانداق ۋە قانچە شاخ-پۇتاق بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

جۈملىنى ئەنە شۇنداق تەرتىپتە تەھلىل قىلغاندا، باش-ئايىغىنى، جۈملە تەركىۋىدىكى سوز ۋە بولەكلەرنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۈملىنى ئەتراپلىق، ئېنىق ئوزلەشتۈرۈپ، مەنىنى چالا-پۇچۇق ياكى گۇمانلىق چۈشىنىپ قېلىش ۋە شۇ سەۋەپتىن توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ھادىسىلىرىدىن خالى بولۇش مۇمكىن. تۆۋەندىكى مىساللارنى تەھلىل قىلىپ كورەيلى:

（1） “帝国主义的侵略打破了中国人学西方的迷梦.”

”جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگولۇقلارنىڭ غەرپتىن ئۆگىنىش شېرىن چۈشىنى بۇزۇپ تاشلىدى.“

بۇ جۈملىنى ئىخچاملاشتۇرساق مۇنداق بولۇپ چىقىدۇ:

“侵略打破了迷梦。”

”تاجاۋۇزى شېرىن چۈشنى بۇزۇپ تاشلىدى.“

دېمەك، بۇ جۈملە ئېنىقلىغۇچى (جاھانگىرلارنىڭ)، ئىگە (تاجاۋۇزى)، تولدۇرغۇچى (شېرىن چۈشىنى)، خەۋەر (بۇزۇپ

تاشلىدى) دىن تۈزۈلگەن.

（2） “反映了全世界无产阶级实践斗争的马克思列宁主义的普遍真理，在它同中国无产阶级和广大人民群众的革命斗争的具体实践相结合的时候，就成为中国人民百战百胜的武器。”

بۇ جۈملىنىڭ باش بولىگى ئۇچ:

“真理→成为→武器。”

”ھەقىقەت←قورالغا←ئايلىنىدۇ“. دېمەك، بۇ جۈملە ئىگە (ھەقىقەت)، تولدۇرغۇچى (قورالى) ۋە خەۋەر (ئايلىنىدۇ) دىن تەركىپ تاپقان. لېكىن جۈملىنىڭ باش بولىگى بولغان ئىگە يالغۇز بىر سوز (ھەقىقەت) دىنلا ئەمەس، بىرنەچچە ئېنىقلىغۇچى (پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارىياتىنىڭ ئەمەلىي كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ماركىسچە-لېنىنچە ئومۇمى) بىلەن قوشۇلۇپ، باغلىنىپ ۋە بىرىكىپ ”ئىگە گۇرۇپپىسى“ ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى (قورالى) مۇ بىرنەچچە ئېنىقلىغۇچى (جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەر جەڭدە غالىپ) بىلەن بىرىكىپ، ”تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى“ ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ جۈملىدە ۋاقىت ھالىتىمۇ بار، ۋاقىت ھالىتى بىرلا سوز (چاغدا) دىن ئىبارەت بولماستىن، ئۇزىنى ئېنىقلاپ كەلگەن بىرقانچە سوز (جۇڭگو پۈرولېتارىياتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋى كۈرەشلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشكەن) بىلەن بىرىكىپ، ”ھالەت گۇرۇپپىسى“ ھالىتىدە رول ئوينىغان.

ئەسلى تېكىستنى چۈشىنىشتە ھەر بىر كونكرېت جۈملىنىڭ

يەنى كونكرېت دەرەخنىڭ چاتاقلىرىنى، ھەر بىر چاتاقنىڭ ئۆزىگە تەڭ پۇتاقلىرىنى بىر بىرىدىن ئېنىق ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن. مەيلى ئىگە، خەۋەر بولسۇن، مەيلى تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولسۇن، بىر سۆز-دىن ئەمەس، بىرنەچچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. "سۆز بىرىكمىسى" توغرىسىدا ئايرىم تېما بىلەن توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە تەپسىلى توختالمايمىز. لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇرەككەپ جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئاساسىي بولەكلىرىمۇ، بېقىندا بولەكلىرىمۇ كوپ ھاللاردا سۆز بىرىكمىسى ھالىتىدە كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق سۆز بىرىكمىسىنى بىرەر كورسىتىش ئالماش ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن چۈشەندۈرۈشمۇ مۇمكىن. بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكىشى بىلەن ياسالغان ئىگە گۇرۇپپىسىنى "كىم؟ نىمە؟ كىمى؟ نىمىسى؟" دىگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىپ كورۇش مۇمكىن؛ تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسىنى "كىمنى، نىمنى، كىمگە، نىمگە، كىمدە، نىمدە، كىمدىن، نىمدىن، كىم توغرىسىدا، نىمە توغرىسىدا، كىم بىلەن، نىمە بىلەن" دىگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كورۇش مۇمكىن؛ ئېنىقلىغۇچىلار گۇرۇپ-پىسىنى "قانداق، قايسى، كىمنىڭ، نىمنىڭ، قانچە، قانچىنى، نەدىكى، نەنىڭ" دىگەن بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كورۇش مۇمكىن؛ ھالەتلەر گۇرۇپپىسىنى "قانداق، قانداق قىلىپ،

قاچان، قەيەردە، نىمىشقا، نىمە قىلغىلى، كىم ئۇچۇن،
نىمە ئۇچۇن، كىمنى دەپ، نىمە قىلىپ، كىم، نىمە ئارقىلىق،
قاياققا قاراپ، نىمە ئارقىلىق، قەيەردىن، قاچانغىچە، نەگىچە،
نەچچە قېتىم" دىگەندەك بىرلا ئالماشقا ئايلاندۇرۇپ كورۇش مۇم-
كىن. بىرقانچە سوزنىڭ بىرىكىشىدىن ئوز ئالدىغا گۇرۇپپىلاشقان
مۇرەككەپ سوز بولەكلىرىنى ئەنە شۇنداق ئاددى ئالماشلارغا
ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ، يەنى مۇرەككەپ، ئۇزۇن جۇملىلەرنى
ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئاددىلاشتۇرۇپ، قىسقارتىپ تەھلىل
قىلغاندا، جۇملە تۇزۇلۇشىدىكى سوزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى
ۋە رولىنى، شۇنىڭ بىلەن تولۇق مەنىسىنى ئېنىق، روشەن چۇشى-
نىش مۇمكىن. مەسىلەن:

“以中国最广大人民的最大利益为出发点的中国共产党人，相信自己的事业是完全合乎正义的，……”

جۇڭگودىكى ئەڭ كوپ خەلقنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى
ئاساس قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئوز ئىشىنىڭ ھەققا-
نىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىگىگە ئىشىنىدۇ......"

بۇ جۇملىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن:
"جۇڭگو كوممۇنىستلىرى" (ئىگە)؛ "جۇڭگودىكى ئەڭ كوپ
خەلقنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرى" (ئىگە گۇرۇپپىسى)؛ "ئوز ئىشىنىڭ ھەققانىيەتكە
تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىگىگە" (تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى)؛
"ئىشىنىدۇ" (خەۋەر). ئەگەر "شەك-شۇبھىسىز ئىشىنىدۇ" ياكى

”كەم-كوتـىسىز، تولۇق ئىشىنىدۇ“ دېـسەك، ئۇ هالـدا ئىگە گۇرۇپپىسى شەكلىنى ئالىدۇ. دېمەك، ئۇ هالدا بۇ جۈملىدىكى سوزلەر گۇرۇپپىلىرىنى ئالماشـقا ئايلانـدۇرۇپ، ”كـىم نىمىگە ئىشىنىدۇ“ دېـگەن ئۇچـلا سوزگە ئىخـچاملاشـتۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن.

جۈملىنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن تەهلىل قىلىشتىن مەقسەت ئەسلى تېكىستنى تولۇق ۋە ئېنىق چۈشىنىش، لېكىن بۇنىڭدىن ئەسلى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى، سوز ياكى سوز گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى قانـداق بولـسا، تەرجىمىدىـمۇ شۇ شەكىلـگە سادىق بولۇش كېرەك، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئەسلى تېكىستنى تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن گىرامـماتىك مۇناسىۋەت جەهەتتىن ئانالىز قىلىپ، ئېنىق چۈشەنچە هاسىل قىلغاندىن كېيىن، شۇ چۈشەنچىنى ئەسلى تېكىستنىڭ شەكىل چەكلىمىسىدىن خالى بولغان هالدا، ئۇيغۇر تىلـىنىڭ ئۆزىـگە خاس قائىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى بويىـچە ئىپادىـلەپ بېرىش زورۇر. جۈملە بولەكلىرىنى، سوز گۇرۇپپىلىرى ياكى سوز بىرىكمىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا توۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

## جۈملە بولەكلىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىـدا

### A. ئىگە

جۈملىـدە ”كىم ياكى نىـمە“ دېـگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ

كېلىدىغان جۈملە بولىگى ئىگە بولىدۇ. خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلـ
گەن جۈملىلەردە ئىــگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىــتى، خەنزۇ
تىلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

"我们是人民的勤务员。"

"بىز خەلقنىڭ خىزمەتكارى."

"工人师傅把车子修好了。"

"ئىشچى ئۇستام هارۋىنى تۈزەپ بولدى."

بۇ مىساللاردا جۈملىنىڭ ئىگىسى "بىز"، "ئىشــچى ئۇســتام"
خەۋەرنى ئاكتىپ ئورۇندا بىۋاستە باشقۇرۇپ كەلگەن.

تۆۋەندىكى مىساللاردا بولسا ئىگە پاسسىپ ئورۇندا، باشقۇـ
رۇلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ:

"ئەينەك سۇنۇپ كەتتى." "玻璃打碎了。"

ياكى "ئەينەك سۇندۇرۇلدى." "玻璃被打碎了。"

"قىيىنچىلىق يېڭىلدى" ياكى "困难克服了。"

"قىيىنچىلىق تۈگىتىلدى."

ئىگە ئاكتىپ ياكى پاســسىپ ئورۇنــدا كەلگەن جۈملىــلەرنى
تەرجىمە قىلىش ئانچە قىــيىن ئەمەس. لېكىن خەنــزۇ تىلىــغا
خاس بولغان، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن پەيدىنـ
پەي ئۆزلىشىپ كېتىۋاتقان بەزى ئالاھىدە ئىگە تۈزۈلۈشــدىكى
جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە هازىرمۇ بەزىــبىر قىيىنــچىلىقــلار،
ئىگىز - پەسلىكلەر بار. مەسىلەن:

"少数服从多数是党组织的基本原则。"

بۇ يەردە ”少数服从多数。“ تولۇق جۈملە، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر جۈملىنىڭ پۈتۈن ئىپادە شەكلىنى ئالغان، سوز گۇرۇپپىسى بولۇپ بىرىككەن ئىگە گۇرۇپپىسى. بۇنداق جۈملە شەكلىدە كەلگەن ئىگە خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇنداق ئىگىنى، ئادەتتە، مەستەر (ھەركەت نامى) ھالىتىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولغاندا، ئىمكان قەدەر مەستەر ھالىتىدە تەرجىمە قىلىغان ياخشى. مەستەر ھالىتىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىغاندا، باشقا شەكىللەرگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

“少数服从多数是党组织的基本原则。”

”ئازچىلىقنىڭ كوپچىلىككە بوي سۇنۇشى — پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى.“

“我们懂得这一点，是有好处的。”

”بىزنىڭ بۇنى چۈشىنىۋالغانلىغىمىز پايدىلىق.“ ياكى ”بىزنىڭ بۇنى چۈشىنىۋالغانلىغىمىزنىڭ پايدىسى بار.“

“你能喝酒实在是出于我的意料之外。”

”سىزنىڭ ھاراق ئىچەلەيدىغانلىغىڭىز مېنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىقتى.“ ياكى ”سىزنىڭ ھاراق ئىچەلەيدىغانلىغىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن.“

ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن سوزلەر باش كېلىشتە كېلىدۇ. كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سوزلەر ئىگە بولالمايدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەگەر خەنزۇچىدا ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز گۇرۇپپىلىرىنى ئۆزگەرتمەي، ئىگە ھالىتىدە تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

(1) "淡蓝的天空浮游着一股白云。"

(2) "孙中山的'三民主义'演讲，系统地阐明了他的革命理论和纲领。"

1 ـ مىسالدا "淡蓝的天空"، 2 ـ مىسالدا "孙中山的……演讲" دىگەن ئىبارىلەر ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ئىگىنى ئىگە ھالىتى بويىچە ئۇلۇك تەرجىمە قىلساق، ئۇ ھالدا 1 ـ مىسال "كۆكۈش ئاسمان بىر پارچە ئاق بۇلۇت بولۇپ لەيلەپ يۈرەتتى" بولۇپ چىقىدۇ، 2 ـ مىسال "سۇن جۇڭشەننىڭ 'سەنمىنجۇيى' ھەققىدىكى نۇتۇقلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىسىنى ۋە پۇروگىراممىسىنى سىستىمىلىق شەرھىلەپ بەردى" بولۇپ چىقىدۇ. يەنى "ئاسمان ......لەيلەپ يۈرەتتى"، "نۇتۇقلىرى شەرھىلەپ بەردى" بولۇپ چىقىدۇ؛ گەپ ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكا جەھەتتىن باغلىنىپ كەلگەندەك بولسىمۇ (ئەلۋەتتە، 1 ـ مىسالدا باغلانمىغان)، مەنتىق، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن نۇقسانلىق جۈملە بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدىكى بىر سۆزدىن ھەتتا بىرنەچچە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىگىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق

ئىپادىلەش تامامەن توغرا ئۇسۇل، يەنى ئىگىنى ئىگىلىك ھالىتىدىن چىقىرىپ، كېلىشلەر بىلەن تۈرلەندۈرۈپ ئىپادىلەش مۇمكىن. يۇقۇرقى ئىككى مىسالنى "كوكۇش ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇت لەيلەپ يۈرەتتى" دەپ، ئىككىنچى مىسالنى "سۇن جۇڭشەن 'سەنمىنجۇيى' توغرىسىدىكى نۇتۇقلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي نەزىرىيىسىنى ۋە پۇروگىراممىسىنى سېستىمىلىق شەرھىلەپ بەردى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. تەرجىمىدە بۇنداق ئەھۋاللار كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق شارائىتتا خەنزۇچىدىكى ئىگىنى ئىگىلىكتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ جۇملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئىگىلىك رولىنى ئوينىيالايدىغان باشقا سوزنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ (سېلىشتۇرۇپ چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۇچۇن، خەنزۇ تىلىدىكى ئىگىنىڭ ئاستىغا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى ئىگىنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىلدى):

"在很早以前,中国就有了指南针的发明。"

"جۇڭگودا كومپاس خېلى بۇرۇنلا كەشپ قىلىنغان."

"我国的经济发展将要赶上先进国家。"

"ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى دولەتلەرگە يېتىشىۋالىدۇ."

"这所学校的建成得到了学生的巨大帮助。"

"بۇ مەكتەپنى سېلىشتا ئوقۇغۇچىلار زور ياردەم بەردى."

خەنزۇچىدا جۇملە شەكلىنى ئالغان سوز گۇرۇپپىلىرى جۇملىدە

ئىگە بولۇپ كەلگەنگە ئوخشاش، جانسىز ئىسىملارمۇ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، جانسىز ئىسىملارنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى ھەرقانداق تىلدا ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەر-لەردە "سۇلار شاۋقۇن كۆتەرمەكتە"، "دەرەخلەر ئىڭرىماقتا"، "گۈللەر كۈلمەكتە" دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىش تەسۋىرلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا جانسىز ئىگىنىڭ جانلىق ئىگىنى باشقۇرۇشى، ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئانچە سىغمايدۇ. ئەمما خەنزۇ تىلى ئۇنداق چەكلىمىدىن خالىي. شۇنداق جانسىز ئىسىملارنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جانلىق شەيئىلەرلا مۇناسىپ بولالاي-دىغان پېئىلنى ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ كېلىشى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئانچە سىغمايدۇ. بۇنداق جانسىز ئىگىنى ھالەتكە ئايلاندۇرۇش ياكى كونكرېت جۈملىدىكى باشقا بىر مۇۋاپىق سۆزنى ئىگە قىلىپ قوللىنىش ھەر ھالدا مۇۋاپىق ۋە ئورۇنلۇق بولسا كېرەك. مەسىلەن:

“中国人民不屈不挠的努力必将稳步地达到自己的目的。”

بۇ جۈملىنى "جۇڭگو خەلقىنىڭ ھارماس-تالماس تىرىشچان-لىقى ئۆز مەقسىتىگە پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتىدۇ" دەپ ئۆلۈك تەرجىمە قىلساق، مەيلى ئۇقۇم ياكى مەنتىق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە سىغمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "تىرىشچانلىقى......يېتىدۇ" دېگەن ئىگە-خەۋەر شەكلىنى

ئۇزگەرتىپ، "جۇڭگو خەلقى ھارماي-تالماي تىرىشىپ، ئۇز مەقسىدىگە پۇختا قەدەملەر بىلەن يېتىدۇ" دەپ تەرجىمە قىلغان تۇزۇك.

"它的创设，为建立革命军队打下了基础。"

"ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قۇرۇشقا ئۇل سېلىپ بەردى" دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كورە، "ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قۇرۇشقا ئۇل سېلىندى" دەپ تەرجىمە قىلغان تۇزۇك.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەگەر ھوكۇم جۇملىدە ئىگە جانسىز ئىسىمدىن كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا، خەنزۇ تىلىدىكى ئىگە ئۇز ھالىتى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە قايچا كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

"大力培养少数民族出身的共产主义干部，是党的民族政策的一个重要方面，……"

"ئازسانلىق مىللەتلەردىن زور كۇچ بىلەن كوممۇنىزىمچى كادىر يېتىشتۇرۇش پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى،……"

"承认还是不承认这个原则，是一个根本问题。"

"بۇ پىرىنسىپنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئېتىراپ قىلماسلىق تۇپ مەسىلە."

خەنزۇ تىلىدا جانسىز شەيئىلەرنى جانلىق شەيئىلەرگە ئوخشىتىش ئابستىراكت شەيئىلەرگە مەنتىق جەھەتتىن كونكىرىت

ۋە جانلىق شەيئىلەر ئۇقۇمىنى بېرىش ۋە ئاكتىپ ئىگە ئورنىدا قوللىنىش خېلى ئومۇملاشقان. بۇنداق جانسىز، ئابستىراكىت ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملاشقان. مەسىلەن:

"党中央认为；文件指出；地区修建了；宣言指出；会议决定；消息说；……"

"پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى...... دەپ قارايدۇ"، "يىغىن...... دەپ قارار قىلدى" دەپ تەرجىمە قىلىش خېلى ئومۇملاشتى. مەنتىقىي ئۇقۇم جەھەتتىمۇ ئېنىق ھەم روشەن. لېكىن "خىتاپنامە...... دەپ كورسەتتى"، "رايون ...... ياسىدى"، "ھوججەت...... دەپ كورسەتتى"، "خەۋەر...... دىدى" ۋاھاكازا دەپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلىغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئابستىراكىت ئىسىملاردىن كەلگەن ئىگىنى كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇش يولى بىلەن ئىگىلىكتىن ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئاكتىپ جۈملىنى پاسسىپ جۈملىگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىغان تۈزۈك بولىسا كېرەك. مەسىلەن، "خىتاپنامىدە...... دەپ كورستىلدى"، "رايوندا...... ياسالدى"، "ھوججەتتە...... دىيىلدى" دىگەنگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدا، ئاكتىپ ئورۇنىدا تۇرۇپ، خەۋەرنى باشقۇرۇپ كېلىدىغان ئىگە، ئىگە گۇرۇپپىسى ياكى سوز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن قوشما ئىگە ۋە ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئوتتۇق. ئەمدى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ، باشقۇرۇلغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىگە ئۇستىدە قىسقىچە

توختىلىپ ئۆتەيلى:

خەنزۇ تىلىدا جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى ئىگىلەر ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

"大门锁了。" "دەرۋازا قۇلۇپلاندى."

"这本小说已译维文了。"

"بۇ رومان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى."

خەنزۇ تىلىدا ئىگە باشتا كەلسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇلغۇچى، پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان "被" ئالامەتلىك جۈملىلەر كوپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۈملىلەر، يۇقۇرقىدەك "被" ئالامىتىسىز جۈملىلەرگە قارىغاندا، تەرجىمىدە ئانچە قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. ئۇلارنى مەجھۇل جۈملە شەكلى بويىچە تەرجىمە قىلىۋېرىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"大驴子还是被小老虎吃掉了。"

"چوڭ ئېشەك كىچىك يولۋاس تەرىپىدىن يېيىلىپ كەتتى."

"解放后，土匪被肃清了，地主恶霸被打倒了……"

"ئازاتلىقتىن كېيىن، باسمىچىلار تازىلاندى، پومىشچىك-زومىگەرلەر يوقىتىلدى......"

"牙生被社员选成劳动模范，伊明被上级提拔到县委去工作。"

"ياسىن كوممۇنا ئەزالىرى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى قىلىپ سايلاندى؛ ئىمىن يۇقۇرىدىن ناھىيىلىك كومىتېتتا ئىش-

لەشكە ئۇستۇرۇلدى.»

ئەلۋەتتە، بۇنداق «被» ئالامەتلىك جۈملە خەنزۇ تىلىدا «被» ياكى «被……所» تەقلىتىدە تۈزۈلۈپ، خۇددى ئۇيـغۇر تىلىدىكى «…… تەرىپىدىن …… ندى» دېگەن فورمۇلىغا ئوخشاش مۇقىم بىر ۋەزىيەتتە كەلسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، شۇنداق پاسسىپ جۈملىنى (مەجھۇل جۈملىنى) ئاكتىپ جۈملە (ئۆزلۈك جۈملە)گە ئايلاندۇرۇپ تەر-جىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. مەسىلەن:

"我深深地被阿不拉大哥的话所感动……"

بۇ جۈملىنى «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق تەسىر-لەندىم» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن؛ «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى» دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. لېكىن «ئابدۇللا ئاكىنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق تەسىر-لەندۈرۈلدۈم» دەپ تەرجىمە قىلساق، تولىمۇ ياسىما، تىل ئادى-تىگە خىلاپ بولۇپ چىقىدۇ.

"我时常被一种感情，一种思想，一种事件所袭击，情绪不能平静。

بۇنداق جۈملىنى «تەرىپىدىن…… نىپ» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، «مەن دائىم بىر خىل ھېسسىيات، خىيال ۋە ۋەقەنىڭ زەربىسىدە كۆڭلۈمنى تىندۇرالمىدىم» دەپ ئاكتىپ جۈملە تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلغان تۈزۈك.

"克力木被酒劲催了胆量。"

ئەگەر بۇ جۈملىنى «كېرىم ھاراقنىڭ كۈچى تەرىپىدىن

يۇرىگى يوغىنىدى" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتى ئالدىدا گېپىنى ئوڭلاپ قىلالمايدىغان تەرجىمان بولۇپ قېلىشىمىز تەبىي. "كېرىمنىڭ يۇرىگى ھاراقىنىڭ كۈچى بىلەن يوغىناپ كەتتى" دەپ تەرجىمە قىلساق، شەكىل جەھەتتە خەنزۇچىغا ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەنە جەھەتتىن تولۇق ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولىدۇ.

## B . خەۋەر تەرجىمىسى

خەۋەر ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، ھالىتىنى ۋە كىم، نىمە، قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش، خەنزۇ تىلىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ پېئىلدىن، سۈپەتتىن، ئىسىمدىن ياسالغان خەۋەر تۈركۈملىرىگە ئايرىش مۇمكىن. ئادەتتە، ئاددى خەۋەرلىك جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى ئانچە قىيىن بولمايدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەردە مۇرەككەپ خەۋەرلەر، يەنى چاتما خەۋەرلەر① تەرجىمىدە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىدا پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر بەزىدە ئىككى ياكى بىرنەچچە پېئىلنىڭ بىرىكىشى بىلەن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار تىنىش بەلگىسى ياكى باشقا بەلگىلەر بىلەن ئايرىلمىغان، تەلەپ-

---

① ئۇيغۇر تىلىدىكى "قوشما خەۋەر"لەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتىنچە قويۇلغان ئىسىم. — ئاپتور.

پۈز جەھەتتە ئارىسى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تىنىق يوق، يېزىقتىمۇ بىر بىرىگە ناھايىتى جىپسلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن:

"他想了想提笔写道: "有朋自远方来……。"

بۇ قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا "他" سۆزى ئىگە بولۇپ، شۇ ئىگىنىڭ پائالىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان ئۈچ خەۋەر — "想了想"، "提"، "写" قاتىرىسىغا جىپسلىشىپ كەلگەن؛ ئىككىنچى قىسمىدا، ئىككى خەۋەر "有"، "来" قاتىرىسىغا جىپسلىشىپ كەلگەن.

خەنزۇ تىلىدا ئىككى ياكى بىرنەچچە پېئىلنىڭ زىچ چېتىلىپ كېلىشى تاسادىپى ياكى ئەھمىيەتسىز ئەمەس، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك مۇناسىۋەتى ۋە رولى بار.

بىرىنچىدىن، ئالدىنقى پېئىل بىلەن كېيىنكى پېئىلنىڭ ئۆز پائالىيىتىدە ئىلگىر-كېيىنلىك تەرتىۋى بار. مەسىلەن: "我吃过饭再去" دىگەن جۈملىدە "去" دىگەن پېئىل "吃" دىگەن پېئىلدىن كېيىن كېلىپ "تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بارىمەن" دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، يەنى ئالدىنقى پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، كېيىنكى پائالىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئالدىنقى پېئىل كېيىنكى پېئىلنى ئىنىقلاپ، ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "他笑着说" دىگەن جۈملىدە ئالدىنقى پېئىل "笑" كېيىنكى پېئىل "说" نى ئىنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن.

ئۇچىنچىدىن، كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنى تولۇقلاپ، ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىدىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، مەسىلەن: "到" سوزى "借" جۈملىدە دىگەن جۈملىدە "我到出版社借书。" سوزىنىڭ مەقسىدىنى تولدۇرۇپ كەلگەن، يەنى "ئارىيەت ئېلىش" ئۇچۇن ياكى "ئارىيەت ئېلىش"قا "بارىمەن" دىگەن مەنىنى بىلدۇرگەن.

تەرجىمىدە جۈملە تەركىۋىدە كەلگەن، بىر ئىگە ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان مۇرەككەپ، چاتما پېئىللارنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ ئوزىگە خاس رولىنى چۈشىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس ۋاستىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن.

ئالدىنقى پېئىل ھەركەتىنىڭ كېيىنكى پېئىلدىن ئىلگىرى بولغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە ئالدىنقى پېئىلنى "قىلىپ، ئېتىپ" ياكى "قىلغاندىن كېيىن"، "ئەتكەندىن كېيىن" دىگەنگە ئوخشاش ھال پېئىلغا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

"他推开椅子站起来。"

"ئۇ ئورۇندۇقنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى."

"我们到那边去坐坐吧。"

"ئاۋۇ ياققا بېرىپ ئولتۇرايلى."

"他吃过早点就出去了。"

"ئۇ ناشتىدىن كېيىن چىقىپ كەتتى."

ئالدىنقى پېئىل كېيىنكى پېئىلنى، ئۇنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ

كەلگەن جۈملىلەردە ئالدىنقى پېئىلنى، يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش-لا، ھال پېئىلغا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"党委书记答应着便去了。"

"پارتكوم شۇجىسى جاۋاپ بېرىۋېتىپ كېتىپ قالدى."

"有人指着广告牌说……"

"بىراۋ ئېلان تاختىسىنى كورسىتىپ تۇرۇپ سوزلىدى……"

"老师一走进教室，学生就起立向他问好。"

"مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بەردى."

كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىدىنى تولدۇرۇپ كەلگەن جۈملىلەرنى مەقسەت جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، "قا"، "غىلى"، "ئۈچۈن" دىگەن تەقلىتتە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

"一个下雪的夜晚，他出去找红军。"

"قار ياققان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزلەپ كەتتى" ياكى "قار ياققان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزلىگىلى كەتتى" ۋە ياكى "قار ياققان كېچىسى ئۇ قىزىل ئارمىيىنى ئىزلەش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى."

"姑娘第二天跟小伙子到区上去领结婚证。"

"قىز ئەتىسى يىگىت بىلەن بىللە رايونغا نىكا قەغىزى ئېلىش ئۈچۈن باردى"، "……ئالغىلى باردى"، "….ئېلىشقا

باردى.»

يۇقۇرىدا جۈملە تەركىۋىگە كىرگەن بىرلا ئىگە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇرەككەپ چاتما پېئىل ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، جۈملە تەركىۋىدىكى بىرنەچچە پېئىل بىرلا ئىگىگە خىزمەت قىلماستىن، بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان روللارنى ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇنداق جۈملىلەردىكى خەۋەرلىك ئۇقۇمىنى بېرىدىغان بىرنەچچە پېئىلنىڭ رولى، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، ھەركەتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىۋىنى بىلدۈرمەيدۇ، بىر بىرىنى ئىنىقلاش، ئىزاھلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، كېيىنكى پېئىل ئالدىنقى پېئىلنىڭ مەقسىدىنى تولدۇرۇپ بېرىشكە خىزمەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى پېئىلنىڭ ئىگىسى ئالدىنقى پېئىلغا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. "党号召我们向科学进军" دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇنىڭدا "号召" ۋە "进军" دىگەن ئىككى پېئىل بار. بۇلاردىن بىرىنچى پېئىل "号召" دىگەن سوز جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان "党" سوزىگە خىزمەت قىلسا، ئىككىنچى پېئىل "进军" شۇ ئىگىگە خىزمەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونكىرىت جۈملىدىكى ئىككى پېئىلنى يۇقۇرقىدەك بىرلا ئىگىگە خىزمەت قىلىدىغان، قاتىرىسىغا سىجىل كەلگەن پېئىللار نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تۈزۈلۈشتىكى جۈملىنى ئەمىليەتتە ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەرلىك جۈملە دەپ چۈشىنىش

مۇمكىن. يۇقۇرقى مىسالىنى ”پارتىيە بىزنى چاقىردى“، ”بىز پەنگە يۇرۇش قىلدۇق“ دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن خەنزۇچىدا ئەنە شۇنداق ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەردىن تۈزۈلگەن، ئىككى جۈملىگە ئاجرىتىپ چۈشىنىش مۇمكىن بولغان سوزلەر بىرلا جۈملە قېلىپىغا چۈشۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرچىدا پارچىلاپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق بولمايدۇ، خۇددى ئەسلى تېكىستتىكە ئوخشاش بىر جۈملە قىلىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇنداق جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، بىرىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرىنى روشەنلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. جۈملىدە بىرىنچى ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولۇپ، ئىككىنچى خەۋەر ئۈچۈن ئىگە بولۇپ كەلگەن سوز ”چاتما سوز“ دەپ، شۇنداقلا چاتما سوز تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملە ”چاتما سوزلۇك جۈملە“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.

## C. ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ تەرجىمىسى

جۈملىدە ئېنىقلىغۇچىلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، بەلگىسىنى، كىمگە ۋە نىمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملە تەركىۋىدىكى باش سوزنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ئېنىقلىغۇچىلار

ئىنقىلانغۇچىلارغا خىزمەت قىلىشتىلا پەقەت بىرلا "的" بەلگىسىنى قوللىنىدۇ، بەزىدە "的" بەلگىسى قىسقارتىلىپمۇ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۈپەت، ئىسىم، سان، ئالماشلارمۇ ئىنقىلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈزەل (سۈپەت) ۋەتەن. 美丽的祖国

سوتسىيالىستىك (ئىسىم) دولەت. 社会主义国家

بىزنىڭ (ئالماش) زاۋۇت. 我们的工厂

توققۇز يۈز مىليون (سان) ئاھالە. 九万万人口

پېئىل، پېئىل ۋە تولدۇرغۇچى بىرىكمىسى، ئىگە ۋە خەۋەر بىرىكمىسى، جۈملە بولەكلىرىمۇ باش سوزنى يەنى ئىنقىلىغۇچىنى ئىنقىلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

كېتىۋاتقان (پېئىل) ماشىنا. 行驶着的汽车。

ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش (تولدۇرغۇچى ۋە پېئىل بىرىكمىسى) قىزغىنلىغى. 建设祖国的热情

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان (ئىگە ۋە خەۋەر بىرىكمىسى) سىياسەت. 党中央提出的政策

ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇش (جۈملە بولىگى) پىرىنسىپى. 少数服从多数的原则

يۇقۇرقى مىساللاردىن مەلۇمكى، ئىنقىلىغۇچىلار مەيلى سۈپەت، ئىسىم، سان، ئالماش ياكى پېئىل بولسۇن، خەنزۇ تىلىدا قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىنقىلانغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ "的"

كېلىدۇ (گايىدا "的" قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە). لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت ۋە سان ھالىتىدە كەلگەن ئىنىقلىغۇچىلارنىڭ ئىنىقلانغۇچىلار بىلەن ئەسلى ھالىتىدە ئۆزگىرىشسىز باغلىنىپ كېلىشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا (مەسىلەن، گۈزەل ۋەتەن، توققۇز يۈز مىليون ئاھالە......)، ئىسىم، ئالماش ۋە پېئىلدىن كەلگەن ئىنىقلىغۇچىلار ئەسلى ھالىتىدە كەلمەستىن، ئىنىقلىغۇچىلىق سۈپەت، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىسىملارنىڭ قاتار تىزىلىشى بىلەن ئىنىقلىغۇچى + ئىنىقلانغۇچى مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلمەي، باشقىچە ئۇقۇمنى ئاڭلىتىپ قويۇش ھادىسىلىرىنىمۇ سادىر قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، "文化科学知识" بۇ سۆز بىرىكمىسىدە "文化科学" ئىنىقلىغۇچى بولۇپ، باش سۆز "知识" نى ئىنىقلاپ كەلگەن. ئەگەر "مەدەنىيەت-پەن بىلىملىرى" دەپ تەرجىمە قىلساق، "مەدەنىيەتنىڭ، پەننىڭ بىلىملىرى" دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؛ "مەدەنىيەت-پەن توغرىسىدىكى بىلىم" دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىكى ئىنىقلىغۇچى-ئىنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ تېپىش قىيىن. بۇ ھالدا، تۈرلۈك مۇجمەللىكلەردىن ساقلىنىپ، مەنىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، "پەننى، مەدەنىي بىلىم" ياكى "پەن-مەدەنىيەتكە دائىر بىلىم" دەپ تەرجىمە قىلىش تۈزۈك بولسا كېرەك.

## d. ھالەت تەرجىمىسى

ھالەت جۈملىدە ئىش-ھەركەتنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى (بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى)، ئىش-ھەركەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى، سەۋەبىنى، مەقسىدىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان پېئىلنىڭ ئومۇمى ھالىتىنى ئېنىقلاپ، چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالەتنى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن ئايرىلمايدىغان، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان پېئىلغا بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان، جۈملىدە "خەۋەر گۇرۇپپىسى"غا مەنسۇپ بولغان ئەگەشمە بولەك دەپ ئېيتىشمۇ مۇمكىن.

ھالەت جۈملىدە مەيلى بىر سوزدىن ياكى بىرنەچچە سوز بىرىكمىسىدىن كەلسۇن، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلغا يېقىندىن باغلىنىپ، ئۇنى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ، خەۋەر پېئىلغا بىۋاستە خىزمەت قىلىشى جەھەتتىن ئالغاندا، خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تۇتقان ئورنى ۋە ئويناىدىغان رولى ئوخشاش. مەسىلەن:

(1) “我的妈妈是在深秋走的。”

(2) “在近百年的过程中，我国人民一直为争取民族独立而英勇奋斗。”

(1) "ئانام كەچ كۈزدە كەتكەن."

(2) "100 يىلغا يېقىن جەريان ئىچىدە خەلقىمىز (ياكى

خەلقىمىز 100 يىلغا يېقىن جەريان ئىچىدە) مىللى مۇستەقىللىق ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلدى.»

بۇ مىساللاردىكى «كەچ كۈزدە»، «100 يىلغا يېقىن جەريان ئىچىدە» دىگەن سوزلەر شۇ جۈمللەردىكى پېئىلدىن (خەۋەردىن) ئاڭلىتىلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى، يەنى قاچان بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

ۋاقىت ھالىتى مەيلى جۈملىدە باشتا كەلسۇن ياكى ئوتتۇرىدا كەلسۇن، خەۋەرگە بىۋاستە خىزمەت قىلالىسىلا، يەنى خەۋەرنى توغرىدىن-توغرا، ھىچبىر كاشىلىسىز ئېنىقلاپ كېلەلىسىلا، تەرجىمىدە خەۋەرگە ياندىشتۇرۇپ-چىپىسلاشتۇرۇپ ئېلىشقا زورمۇ-زور ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنداق بولمىسا، ۋاقىت ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سوز ياكى سوز بىرىكمىلىرى خەۋەرنى ئېنىقلاشقا بىۋاستە ياردەم بېرەلمىسە، خەنزۇچە جۈملە شەكلىدىن قەتئى نەزەر، خەۋەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىلغا يېقىن تارتىش، چىپىسلاشتۇرۇش زورۇر.

ۋاقىت ھالىتى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئانچە كوپ قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ، جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن خەنزۇچە جۈملە شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە جۈملە شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، كوپ ھاللاردا خەنزۇچە جۈملە شەكلىگە رايە قىلىنسا، تەرجىمىدە مۇجمەللىك چىقىشى ناتايىن.

جۈملىدە ھالەتنىڭ ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى قىسمىدىن باشقا، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئۇسۇلدا، قايسى

تەرىقىدە، قانداق ۋاستە بىلەن ئەمەلگە ئاشقان (ئاشىدىغان) لىقىنى بىلدۈرىدىغان "ئۇسۇل ھالىتى" (ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدا "سۈپەت ھالىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىسمىمۇ بار. سۈپەت ھالىتى ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق سۈپەتتە، قانداق ھالەتتە، قايسى تەرىقىدە، قايسى يوسۇندا ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېپادىلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سۈپەت ھالەت خەنزۇ تىلىدا ئادەتتە "ئىگە←سۈپەت ھالەت←خەۋەر (ياكى پېئىل)← تولدۇرغۇچى" تەرتىۋى بويىچە كېلىدۇ. مەسىلەن:

"帝国主义千方百计地企图消灭世界上第一个社会主义国家。"

بۇ جۈملىنى مۇنداق تەھلىل قىلىپ كۆرۈش مۇمكىن:

"جاھانگىرلار (ئىگە)←دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى يوقىتىشقا (تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى) تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن (سۈپەت ھالەت گۇرۇپپىسى) ئۇرۇنغان (خەۋەر)."

"我国人民已经用法律形式把自己的民主生活组织起来了。"

بۇ جۈملىنىمۇ يۇقۇرقى شەكىل بويىچە "خەلقىمىز ئۆزىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى قانۇن شەكلى بىلەن ئۇيۇشتۇردى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

دېمەك، "سۈپەت ھالەت"لىك جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، خەنزۇچە جۈملە بۆلەكلىرى تەرتىۋىنىڭ ئەكسىچە،

"ئىگە← تولدۇرغۇچى (ياكى تولدۇرغۇچىلار گۇرۇپپىسى)← سۇپەت ھالەت← پېئىل (ياكى خەۋەر)" تەرتىۋىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، خەنزۇچە تەرتىۋى بويىچە "جاھانگىرلار تۇرلۇك چارە-تەدبىرلەر بىلەن دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دولەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان"، "خەلقىمىز قانۇن شەكلى بىلەن ئۆزىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى ئۇيۇشتۇردى" دەپ، سۇپەت پېئىلنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە نىشانى بولغان پېئىل (خەۋەر)دىن ئايرىۋەتسەك، مەنە جەھەتتىن مۇجمەللىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ ھازىرقى بەزى تەرجىمىلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ھالەت تەرجىمىسىدە سۇپەت ھالەتنى پېئىلدىن (خەۋەردىن) يىراقلاشتۇرۇپ، پېئىلغا (خەۋەرگە) بىۋاستە ئوتەلمەيدىغان، پېئىلنىڭ ھالىتىنى توغرىدىن-توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ھادىسىلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، سۇپەت ھالەت ھەرقانداق شارائىتتا پېئىلغا (خەۋەرگە) ياندىشىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرالماي كېلىدۇ؛ تەرجىمىدە بولسا سۇپەت ھالەت بىلەن پېئىل (خەۋەر)نى ئاجرىتىۋېتىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تولدۇرغۇچىنى قىستۇرۇش ھادىسىلىرى كوپ. شۇنىڭ ئۇچۇن، تەرجىمىدە مەنە روشەن ئۇقۇلمايدۇ ياكى ئۇقۇلغان تەقدىردىمۇ جۇملە كىشىنى قىينايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، سۇپەت ھالەت بىلەن پېئىل (ياكى خەۋەر)نى ھالىتى قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىل (خەۋەر)

بىرىكمىسى دەپ قاراپ، بۇ بىرىكمىنى (گۇرۇپپىنى) بىر پۈتۈن هالەتــتە ساقلىغان تۈزۈك.

هالەت مەسىلىــسىدە يەنە ئورۇن هالىــتى، سەۋەپ هالىتى، مەقسەت هالىــتى، دەرىــجە ـ سان هالىــتى ۋە باشــقىــلار بار. "هالەت پېئىل (خەۋەر)نى ئېنىقــلايدۇ" دىگەن ئۇقۇم بويىــچە، تەرجىمىدە هالەتنى پېئىلغا بىۋاستە خىزمەت قىلدۇرۇش شەرتىگە رىايە قىلىنىسىلا، مەنىنى ئۆز لايىغىدا توغرا ئىپادىلەپ كېتىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە تەپسىلى توختالمايمىز.

# پېئىللارنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىشى ۋە تەرجىمە

تىلدىن ساۋادى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سوز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇدى، يېزىۋاتىمەن، ئىشلەۋاتىدۇ، بارماقچى...... دىگەندەك ئوخشاش سوزلەر بىر كىشىنىڭ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى، بولۇۋاتقانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دىمەك، پېئىللاردا ئۈچ زامان بار: ئوتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئۈچ شەخس بار: 1 ـ شەخس (ئىشلەيمەن)؛ 2 ـ شەخس (ئىشلەيسەن)؛ 3 ـ شەخس (ئىشلەيدۇ). پېئىللارنىڭ شەخس بىلەن تۈرلىنىشمۇ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار سان بىلەنمۇ تۈرلىنىدۇ: بۇلاردىن بىرى ـــ بىرلىك (مەسىلەن، ئوقۇيمەن، ئوقۇيسەن، ئوقۇيدۇ)؛ يەنە بىرى ـــ كوپلۇك (مەسىلەن، ئوقۇيمىز، ئوقۇيسىلەر، ئوقۇيدۇ).

پېئىل ئۆزىنىڭ تۈپ مەنىسىنى ئاگلىتىدىغان تۈپ تومۇرى ياكى تۈپ پېئىل جەھەتتىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزى زامانىنى، شەخسىنى، سانىنى ئۇقتۇرالمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا زامانىنى، شەخسىنى، سانىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تۈپ پېئىلنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئايرىم چاغلاردا ئارقا تەرىپىگە باشقا سۆزلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، تۈپ پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا زامانىنى، شەخسىنى، سانىنى ئۇقتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇ خۇسۇسىيىتى تەرجىمىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، "ئىشلەيمەن" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا "ئىشلەش" دېگەن تۈپ پېئىل ھەم شەخس بىلەن، ھەم سان (بىرلىك) بىلەن، ھەم زامان (كېلىچەك زامان) بىلەن تۈرلەنگەن. ۋاھالەنكى، خەنزۇ تىلىدا بولسا تۈپ پېئىل "工作" نى شەخس بىلەن تۈرلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىغا "我" نى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ، زامانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، "要" ياكى "将要" نى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، "ئىشلەيمەن" دېگەن سۆزنى "我将要工作" دەپ ئۇقتۇرۇشقا توغرا "我要工作" ياكى كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا پېئىلدا زامانىنى، شەخسىنى، سانىنى بىلدۈرۈش ۋاستىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. پېئىلنىڭ ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى-كەينىگە باشقا

سوزلەرنى قوشۇش خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. بۇ ماقالىدا پېئىلنىڭ زامانىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا ئالاقىدار بولغان بەزى تەجرىبىلەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كوپ هاللاردا، زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان بەزى قوشۇمچە سوزلەر پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

“正在工作；日益发展；继续学习；将要考试；已经完成……

پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۈرىدىغان بەزى قوشۇمچىلار تۇپ پېئىلنىڭ ئارقىسىغىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

着，了，过，……

ئەنە شۇنداق زامانى بىلدۈرىدىغان سوزلەرنى تەرجىمىدە كوپ هاللاردا (ئالاهىدە تەكىتلەش زورۇر بولغانلىقىنى هىساپقا ئالمىغاندا)، ئالاهىدە تەرجىمە قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۇپ پېئىلنىڭ ئوزى بىلەنلا هەل قىلىپ كەتكەن ياخشى. مەسىلەن، يۇقۇرقى مىساللارنى ”هازىر دەل ئىشلەۋاتىدۇ“ دەپ ئەمەس، ”ئىشلەۋاتىدۇ“ دەپ، ”كۇندىن-كۇنگە راۋاجلانماقتا“ دەپ ئەمەس، ”راۋاجلانماقتا“ دەپ، ”داۋاملىق ئۇگىنىش“ دەپ ئەمەس، ”ئۇگىنىۋېرىش“ دەپ، ”كەلگۇسىدە ئىمتىهان ئېلىنىدۇ“ ياكى ”كەلگۇسىدە ئىمتىهان ئېلىنماقچى“ دەپ ئەمەس، ”ئىمتىهان ئېلىنىدۇ“ ياكى ”ئىمتىهان ئېلىنماقچى“ دەپ، ”ئاللىقاچان

پۇتتى“ دەپ ئەمەس، ”پۇتتى“ دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. چۈنكى خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ زامانىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئىپادىلىنىپ كېتىدۇ. قارىماققا تەرجىمىدە خەنزۇ تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەر چۈشۈپ قالغاندەك بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ھېچقانداق نۇقسان چىقمايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

لېكىن خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان قوشۇمچىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مۇنداق ئىككى نۇقتا بار: بىرى زامانىنى ئۇقتۇرۇشتا ھەركەتنىڭ بىردەملىك، قىسقا ۋاقىتلىق ھالىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى چاغلاردا تۈپ پېئىلنىڭ ئۆزىنى تەكرارلاپ، قوش سۆزگە ئايلاندۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

走→走一走。
考虑→考虑考虑。
看→看看。
研究→研究研究。

يەنە بىرى ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش ھالىتىنى، مىقدارىنى يەنى نوۋىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۈپ پېئىلنىڭ ئايىغىغا ئايرىم ياردەمچىلەرنى ئۇلاش ۋاستىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

起来→起来一下。
看→看一眼。
说→说一下。
..................

خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ پېئىلنىڭ (ھەرىكەتنىڭ) ئورۇنلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىغىنى بىلدۈرۈش ۋاستىسى بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك ھالەتتە كەلسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە بىرلا ۋاستىنى قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، يۇقۇرقى مىساللارنىڭ بىرىنچى قىسمىنى "مېڭىپ باق"، "ئويلىنىپ كور" ياكى "ئويلىنىپ باق"، "قاراپ باق"، "تەتقىق قىلىپ باقايلى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن؛ ئىككىنچى قىسمىنىمۇ "قويۇپ باق"، "قاراپ قوي"، "دەپ باق" ياكى "سوزلەپ باق" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى "باق"، "كور" دىگەنگە ئوخشاش سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىر ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتىنىڭ قىسقىلىغىنى، نوۋىتىنىڭ ئازلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ، خەنزۇ تىلىنىڭمۇ پېئىل زامانىنى بىلدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى پىششىق ئوزلەشتۈرۈش تەرجىمىنى توغرا ئىشلەشكە زور ياردەم بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى پېئىلنىڭ ئوزىنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدا سوزنى توغرا تالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پېئىلنىڭ زامانىنىمۇ توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

"凤姐正数着钱，听了这话，忙又把钱穿上了。"

"فېڭ ئايلا پۇل ساناۋېتىپ، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

دەرھال يەنە پۇلنى (شوينغا) ئوتكۈزدى.“

“战士们常常骄傲地说：‘我们和朱总司令一道挑过粮’。”

”جەڭچىلەر دائىم: ’بىز جۇزۇڭسىلىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق توشۇغان ئىدۇق‘ دەپ پەخىرلىنىدۇ.“ (”پەخىرلىنىدۇ“ دىگەن سوز بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامانىنى ئۇقتۇرسا، ”دائىم“ دىگەن سوزنىڭ ياردىمى بىلەن ”پەخىرلىنىش“نىڭ دائىملىق ھەركەت ئىكەنلىگىنى ئۇقتۇرۇپ بىرىدۇ. ”پەخىرلىنەتتى“ دىيىلگەن تەقدىردىمۇ ئوتكەن زامانىلا ئەمەس، يەنە شۇ ”دائىم“ سوزىنىڭ ياردىمى بىلەن ”پەخىرلىنىش“نىڭ ئىزچىللىغىنى چۇشەندۇرۇپ بىرىدۇ.)

“我劝他参加体育小组，他说要考虑考虑。”

”ئۇنى تەنتەربىيە گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلسام، ئۇ ئويلىنىپ باقاي دەيدۇ.“

“老关跳下车来，摸了摸腰间的手枪，向四面瞥了一眼。”

”لاۋ گۇەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۇشۇپ، بېلىدىكى تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ، ئەتراپقا قاراپ قويدى.“

خەنزۇ تىلىنىڭ پېئىلىنىڭ زامانىنى، ھالىتىنى ئۇقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىنى ئوبدان ئوزلەشتۇرۇش تەرجىمىدە كوپ ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بىرىدۇ. لېكىن بەزى ھاللاردا، زامانىنى ئۇقتۇرۇپ بىرىدىغان قوشۇمچىلارغا پۇتۇنلەي بىرىلىپ كېتىشمۇ يارىمايدۇ. چۇنكى خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ زامانىنى بىلدۇرۇش

قائىدىلىرىدە غەيرى تەبىي ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئادەتتە زاماننى بىلدۈرىدىغان ”着“ قوشۇمچىسى كەلسىلا، ئۇنى ھازىرقى زامان چۈشەنچىسىدە تەرجىمە قىلىش، ”了“ قوشۇمچىسى كەلسىلا، ئۆتكەن زامان چۈشەنچىسىدە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، خەنزۇ تىلىدا پېئىللارنىڭ زامانى تولا چاغلاردا يۇقۇرقى ئەھۋاللارنىڭ ئەكسىچە، شەكلەن ئېنىق ئەمەس، يەنى پېئىلنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە زاماننى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق قوشۇمچىلار ئۇچرىمايدۇ. شۇنداق شارائىتتا، ئەسلى تېكىستتىكى پېئىلنى تەرجىمىدە قايسى زامان بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، جۈملىلەرنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەن باغلىنىشلىرىغا، جۈملىدىكى مەزمۇننىڭ مەنتىقىسىگە قاراپ، زاماننى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. مەسىلەن:

“他的妈妈是爱花的，虽然买不起，可是有人送给她一朵，她喜欢地戴在头上。”

دىگەن پېئىللارنىڭ ئالدىدىمۇ، ”爱“ ، ”戴“ ، ”送“ كەينىدىمۇ زاماننى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھېچقانداق يار-دەمچى سوز يوق، لېكىن جۈملە تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ مەنىسىدىن ”爱“ ، ”送“ ، ”戴“ (ئامراق، بېرىش، قىسىش) ھەركىتىنىڭ كونكرىت مەلۇم بىر زامانىنى، نوۋەتىنى ئەمەس، دائىملىق ھەركەتنى چۈشەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىغىنى مەنتىقي يول بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن

"ئۇنىڭ ئانىسى گۈلگە ئامراق ئىدى، سىنتۇبىلىشقا قۇربى يەتمىسمۇ، باشقىلار بەرسە خوشال بولۇپ چىپكىسىگە قىسۇالاتتى" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

"谁也不能阻挡我们向四化前进！"

بۇ جۈملىدە "阻挡" سوزى ئۆتكەن زامانمۇ، هازىرقى زامانمۇ ياكى كەلگۈسى زامانمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. لېكىن پۈتۈن جۈملىنىڭ چاقىرىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۇندەش بەلگىسى بىلەن كەلگەنلىكى مەنتىق جەھەتتىن، ئۇنىڭ كېلىچەك زامان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇنى "بىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ ئالغا بېسىشىمىزنى هېچكىم توسالمايدۇ!" دەپ تەرجىمە قىلىمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلىدا، بەزى هاللاردا، پېئىللار-نىڭ زامانى ئېنىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل مۇتلەق كوپ هاللاردا زامان خۇسۇسىيىتىدىن خالى بولالمايدۇ. بۇ زىددىيەتنى توغرا هەل قىلىش، پېئىللارنىڭ زامانىنى ئىپادىلەشتە سەۋەنلىك ۋە خاتالىقتىن خالى بولۇش ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستنى جۈملىلەرنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن مۇناسىۋىتىنى نەزەردە تۇتقان، پاكىتلارغا، مەنتىققە ئەهمىيەت بەرگەن هالدا چوڭقۇر چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىللاردىكى زامان بىلەن تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىدىن توغرا پايدىلىنىش لازىم. تەرجىمىدە مەنىنى روشەن ئىپادىلىمەي، "چۈشىنىپ كېتەر" دەيدىغان تەۋەككۈل-چىلىكتىن ساقلىنىش لازىم.

# ”چاتما جۈملە“ ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

بىزگە مەلۇم، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا، ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ ئاساسىي بۆلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ ئىگە ۋە خەۋەر تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملە، مەيلى ئاددى شەكىلدە بولسۇن، مەيلى مۇرەككەپ شەكىلدە بولسۇن، ھەرقاچان بىر بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كېلىدۇ. ئىگە — جۈملىنىڭ ئىگىسى؛ خەۋەر ھەرقاچان شۇ ”ئىگە“گە ئەگىشىپ، ماسلىشىپ، بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ كىم، نىمە، قانداق ئىكەنلىكىدىن، نىمە قىلغانلىقىدىن ”خەۋەر“ بېرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ گىراماتىكىلىق ئورنى جەھەتتىن (شېئىر، ئۇندەش گەپلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا) ئىگە ئاۋال، خەۋەر كېيىن كېلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇ، تەرجىمان ئۈچۈن ئاددى ساۋات. لېكىن خەنزۇ تىلىدىكى بەزى جۈملىلەردە بىرنەچچە ئىگە، بىرنەچچە خەۋەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن:

“帝国主义驱使全世界的人民走上消灭帝国主义的伟大斗争的历史时代。”

بۇ جۈملىدە بىرىنچى ئىگە “帝国主义”، بۇنىڭ خەۋىرى “驱使”؛ ئىككىنچى ئىگە “全世界的人民”، بۇنىڭ خەۋىرى

"走上" ؛ مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ جۇملىنى ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ بولغان ئىككى جۇملىگە ئاجرىتىپ چۈشىنىش مۇمكىن:

1. "帝国主义驱使全世界人民"

"جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مەجبۇر قىلدى"

2. "全世界的人民走上消灭帝国主义的伟大斗争的时代。"

"پۈتۈن دۇنيا خەلقى جاھانگىرلىكنى يوقىتىدىغان ئۇلۇغ كۆرەش دەۋرىگە ئۆتتى."

دېمەك، ئىككى ئىگە، ئىككى خەۋەردىن تۈزۈلگەن بۇ ئىككى جۇملە خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس جۇملە تۈزۈش قائىدىسىگە ئاساسەن بىر پۈتۈن جۇملە شەكلىنى ئالغان. خەنزۇ تىلىنىڭ مۇشۇنداق جۇملە شەكلىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئورۇن ئالغان ئىككى خەۋەر يالغۇز بىر ئىگىگىلا خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى ئالدىنقى خەۋەرنىڭ تولدۇرغۇچىسى يەنى "帝国主义驱使全世界的人民" دىكەن سوزدىكى خەۋەر "驱使" نىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغان "全世界的人民" ئەينى ۋاقىتتا كېيىنكى خەۋەر "走上" نىڭمۇ ئىگىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئىككى تەرەپكە تەڭلا چېتىلىپ، ئىككى تەرەپكە تەڭلا خىزمەت قىلىدىغان شەكىل خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىدا "兼语式" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى. ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىدا بۇ شەكلىنىڭ "بىرىككەن سوز"، "سوز بىرىكمىسى"، "قوشما سوز"، "ئاددى جۇملە"، "قوشما جۇملە"

دىگەنگە ئوخشاش مەخسۇس نامى تېپىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقۇرىدىكى مۇستەقىل مەنىنى ئاڭلىتالايدىغان، ئىگىسىمۇ، خەۋەرىمۇ تولۇق بولغان ئىككى جۈملىنى "兼语式" ئۇسۇلى بىلەن بىر پۈتۈن جۈملىگە ئايلاندۇرۇش ئادىتىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە گەپ جۈملە ياساش شەكلى ئۈستىدە بارىدۇ. چۈنكى شەكىل جەھەتتىن "جاھانگىرلىك پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى مەجبۇر قىلىپ، جاھانگىرلىكنى يوقىتىدىغان ئۇلۇغ كۈرەش دەۋرىگە ئۆتتى" دەپ، ئىككى جۈملىنى بىر بىرىگە چېتىپ تەرجىمە قىلساق، ئومۇمى مەنە "جاھانگىرلىك.....كۈرەش دەۋرىگە ئۆتتى" بولۇپ چىقىدۇ-دە، خاتا بولىدۇ. بىز تەرجىمىدە شەكىلۋازلىق ئۇسۇلىنى قوللانمايمىز، "سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە" ئۇسۇلىغىمۇ بېرىلىپ كەتمەيمىز. تەرجىمىنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلى تېكىستتىكى مەنە، چۈشەنچە، ھىس-تۇيغۇنى ئىمكان قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشتىن، يەنى "مەنەن تەرجىمە" ئاساسىدا، شەكىلدىن مەزمۇنغا ئۆتۈپ، مەنىنى ئېنىق ئوزلەشتۈرۈپ، تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

دىمەك، يۇقۇرىقىدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىدە بولمىغان، خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە جۈملە تۈزۈلۈشىنى شەكىل جەھەتتىن ئەمەس، مەنە جەھەتتىن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەرلىك رولىنى ئوينايدىغان، ھەم ئالدىنقى خەۋەر ئۈچۈن تولدۇرغۇچى، كېيىنكى خەۋەر ئۈچۈن ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ

ئۇزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز. خەنزۇ تىلىدىكى "兼语式" شەكلىدە كەتكەن جۈملىدە بىرىنچى ياكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەر تولا چاغلاردا جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگە ۋە ئۇنىڭ خەۋىرى بولسا شۇ كونكرېت جۈملىدىكى ۋەقەنىڭ نىشانىنى، مەقسىدىنى ئىزاھلاش ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كوپ ھاللاردا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، جۈملىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولىگىنى، بولۇپمۇ "خەۋەر"نى پۈتۈن جۈملە تەركىۋىدە "خەۋەر پېئىل" قىلىپ ئەمەس، تولدۇرغۇچى رولىنى ئوينايدىغان "مەقسەت پېئىل"غا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

"他经常率领干部到各地考查工作，了解情况，总结交流经验。"

"ئۇ كادىرلارنى ھەمىشە ھەرقايسى يەرلەرگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە، ئەھۋاللارنى ئۇقۇشقا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ۋە ئالماشتۇرۇشقا باشلاپ باراتتى."

پۈتۈن جۈملىدىكى ئاساسىي پىكىر "他" نىڭ نىمە قىلغانلىغىنى بايان قىلىپ بېرىشتىن، يەنى "他经常率领干部" نى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ ئاساسىي پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر خەنزۇچىدا ئالدىنقى ئورۇندا كەلگەن. بۇ خەنزۇ تىلىنىڭ تەكىتلىنىدىغان ئاساسىي سوزلەرنى باشتا كەلتۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. يەنى خەنزۇ تىلىدا

ئاساسي پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر، كوپىنچە، باشتا كېلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت خەنزۇ تىلىدا ئىگىدىن كېيىنلا خەۋەرنىڭ كېلىدىغانلىقى بىلەن، تولدۇرغۇچىنىڭ خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىدا، مۇتلەق كوپ هاللاردا ئاۋال ئىگە، كېيىن تولدۇرغۇچى، ئاندىن كېيىن خەۋەر كېلىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلىك پەرقلەرگە قارىماي، شەكلەن تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، تەرجىمىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئۇزگىرىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

تەركىۋىدە چاتما سوز① بولغان، يەنى هەم تولدۇرغۇچى، هەم ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى سوز بولغان چاتما جۇملە خەنزۇ تىلىغا خاس جۇملە شەكلى. بۇنداق جۇملە شەكلى ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن يېڭى شەكىل. بىزنىڭ تەرجىمىلىرىمىزدە بۇنداق شەكىلنىڭ قېلىپلاشقان فورمۇلىسى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش تاكى هازىرغىچە ئۇنۇملۇك نەتىجە قازانغىنى يوق. شۇنىڭ ئۇچۈن بۇنداق شەكىلدىكى جۇملىلەرنىڭ تەرجىمىسى هەر خىل بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

“中国共产党领导中国人民从胜利走向胜利。”

بۇنىڭ هازىرقى كۇندە مۇنداق بىرنەچچە خىل تەرجىمىسى ئۇچرايدۇ:

a. ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھ-

① 兼语式نىڭ جۇملە تەركىۋىدىكى رولىغا ۋە ئەهمىيىتىگە ئاساسەن، هازىرچە ”چاتما سوز“، ”چاتما جۇملە“ دەپ ئات قويدۇم. — ئاپتور.

بەرلىك قىلىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا.“
b. ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە جۇڭگو خەلقى غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا.“
c. ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنى غەلىبىدىن غەلىبىگە يېتەكلىمەكتە.“
d. ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلماقتا.“ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

تەرجىمە a توغرىسىدا، ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى...... غەلىبىگە قاراپ ماڭماقتا“ بولسا، ئۇ ھالدا ”جۇڭگو خەلقى نىمە قىلدى؟“ دىگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

تەرجىمە b توغرىسىدا، ”بۇ تەرجىمە خەنزۇچە جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇن ئەمەس“ دىگەن مۇلاھىزە كېلىپ چىقىدۇ.

تەرجىمە c توغرىسىدا، بۇ تەرجىمىدە ”走向“ دىگەن سۆز چۈشۈپ قاپتۇ؛ ئەسلىگە سادىق ئەمەس، دىگەن باھا كېلىپ چىقىدۇ.

تەرجىمە d توغرىسىدا، ”خەلققە رەھبەرلىك قىلدىمۇ ياكى مېڭىشقا رەھبەرلىك قىلدىمۇ؟“ دىگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

دىمەك، چاتما سۆزلۈك جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ئۇستىدە مۇلاھىزە كوپ، سوئال كوپ، گۇمان كوپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي تەرجىمە ئۇسۇلىمۇ كوپ، تەرجىمىلەرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىمۇ ھەر خىل. بۇ مەسىلىگە توغرىراق جاۋاپ تېپىش

ئۇچۇن، يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ كورەيلى.
"我们派人去支援" دىگەن جۈملىنى ئالساق، ئۇ گىراما-
تىكا جەھەتتىن ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلگەن جۈملە بولۇپ
ھىساپلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ئىگە-خەۋەرلىك جۈملىگە
ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى ئىگە-خەۋەرلىك جۈملىدە خەۋەر بۇنداق
مۇرەككەپ ئەمەس. "社会主义好" دىسەك، "社会主义"
ئىگە، "好" خەۋەر. بۇنىڭدا ھىچقانداق مۇرەككەپلىك يوق.
"知识青年奔赴农村" دىسەك، "知识青年" ئىگە، "奔赴"
خەۋەر، "农村" تولدۇرغۇچى؛ بۇنىڭدىمۇ خەۋەر بار، شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇنىڭ خەۋىرىمۇ ئاددى، "他们学习和推广先进经验"
دىگەن جۈملىنى ئالساق، بۇمۇ ئىگە-خەۋەرلىك جۈملە،
بۇنىڭدا "学习和推广" دىگەن ئىككى پېئىل بولسىمۇ، لېكىن
پۈتۈن جۈملە ئېيتىۋارى بىلەن ئالغاندا، خەۋىرى يەنىلا
تەڭداش سوز بىرىكمىسى شەكلىنى ئالغان بىرلا خەۋەر. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرىمۇ ئاددى خەۋەر بولۇپ ھىساپلى-
نىدۇ. لېكىن "我们派人去支援" دىگەن ئىگە-خەۋەرلىك
جۈملىنىڭ خەۋىرى خېلىلا مۇرەككەپ. "我们" بىلەن "派"
نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالساق، "派" خەۋەر؛ "人" بىلەن "支援"
نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالساق، "支援" مۇ خەۋەر. دىمەك بۇ جۈمە-
لىدە ئىككى خەۋەر بار. لېكىن "人" سوزى "派" سوزىنىڭ
تولدۇرغۇچىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا "支援" سوزىنىڭمۇ
ئىگىسى. يەنى "بىز (ئىگە)، ئادەم (تولدۇرغۇچى)، ئەۋەتىمىز

(خەۋەر)"، "ئادەم (ئىگە)، ياردەم بېرىدۇ (خەۋەر)".

دېمەك، بۇ جۈملىدە "人" سۆزى بىرىنچى خەۋەرگە تولدۇرغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلسا، ئىككىنچى خەۋەرگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. يەنى ئىككى خەۋەرگە چېتىلىپ كەلگەن. مۇشۇنداق چاتما سۆزلۈك جۈملىنى "چاتما جۈملە" دەپ ئاتىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. بۇنداق جۈملە شەكىللىرى خەنزۇ تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

"艰巨的任务等着我们去完成。"
"他请求领导批准他到最艰苦的地方工作。"
"专政的目的是为了保卫全体人民进行和平劳动。"
"我们的先人指示我们去完成他们的意志。"
"党能领导人民战胜一切困难。"

بۇنداق چاتما سۆزلۈك جۈملىلەر، مەيلى قىسقا بولسۇن ياكى ئۇزۇن بولسۇن، ھەممىسىنى مۇنداق ئوخشاش بىر فورمۇلا بىلەن ئىخچاملاپ كۆرسىتىش مۇمكىن: خەنزۇچىدا:

主→动→宾/主→谓

ئىگە ——→تولدۇرغۇچى——→خەۋەر.

"我劝同志们坚决相信，苏联广大的人民，广大的党员和干部是好的，是要革命的，……。"

بۇ جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمى 我劝同志们相信 "相信 ۋە 劝" نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لېكىن بىرىنچى خەۋەر "劝" نىڭ تولدۇرغۇچىسى خەۋەر "相信" كېيىنكى "同志们" گە چېتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جۈملىنى

ئەگەشىمە بولەكلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يۇقۇرقى فورمۇلا ئاساسىدا ئىخچاملاپ كورسەتسەك، جۇملىنىڭ ئاساسىي قىسمى "我劝同志们相信" بولۇپ چىقىدۇ. بۇنى "يولداشلارنى ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن" دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ "چاتما سوز"لۇك جۇملىلەر توغرىسىدىكى تەبىرىگە قارىغاندا، بۇنداق جۇملىلەردىكى بىرىنچى خەۋەر كوپ هاللاردا جۇملىنىڭ توپ مەقسىدى ياكى نەتىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يۇقۇرقى مىسالدىكى "同志们相信" دىگەن سوز "劝" نىڭ مەقسىدى. يەنى "دەۋەت"نىڭ مەقسىدى "ئىشەندۇرۇش". ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، يولداشلارنى "ئىشىنىش"كە "دەۋەت قىلىش". مۇشۇنداق ئاساسلارغا قاراپ، يۇقۇرقى مىسالنى "مەن يولداشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كەڭ خەلقنىڭ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە، ئىنقىلاپ قىلىدىغانلىقىغا...... ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن" دىگەن تەقلىتتە تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ هىساپلايمىز.

بۇنى تەرجىمىنى ئىخچاملاش فورمۇلىسىغا چۇشۇرسەك، "مەن يولداشلارنى ........ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن" بولۇپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق شەكىلدىكى جۇملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مەنىنى بۇزۇپ قويىدىغان قالايمىقانچىلىقلار خېلى كوپ. مەسىلەن، توۋەندىكى تەرجىمىلەرگە قاراڭلار:

"没有一个革命党就不能领导工人阶级和广大人民群众

战胜帝国主义及其走狗。”

”ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىكنى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس.“

“县委动员全县百分之五十的劳动力， 奋战一个多月，基本完成了两座大型水电站的初期工程，建成五座小型水电站，挖渠七十三公里。”

”ناھىيىلىك كومىتېت پۈتۈن ناھىيىدىكى 50 پىرسەنت ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كۈرەش قىلىپ، ئىككى چوڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ باشلانغۇچ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى، 5 كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇردى، 73 كىلومېتىر ئۆستەڭ چاپتى.“

بىرىنچى مىسالنىڭ تەرجىمىسىنى مەنە جەھەتتىن ”ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلغىلى، جاھانگىرلىكنى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يەڭگىلى بولمايدۇ“ دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن ئەسلى مەنە ئۇنداق ئەمەس. ئەسلى مەنە: ”ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولمىسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىكنى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى يېڭىشىگە رەھبەرلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس.“ دېمەك، پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرى ”يېڭىش مۇمكىن ئەمەس“ بولماي، ”رەھبەرلىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس“ بولۇپ چىقسا توغرا بولاتتى.

ئىككىنچى مىسالنىڭ تەرجىمىسى ”ناھىيىلىك كومىتېت.....

سەپەرۋەر قىلىپ كۆرەش قىلىپ ...... يۇتتۇردى......قۇردى......
چاپتى" دىگەن مەنىنى بىرىدۇ. ئەمىلىيەتتە، بۇنىڭدا ئەسلى
مەنە بۇرمىلانغان. ئۇ مەنتىقىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

"چاتما سوزلۇك" جۈملىلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مەيلى جۈملە ئاددى بولسۇن، مەيلى مۇرەككەپ بولسۇن، مەيلى قىسقا بولسۇن، مەيلى ئۇزۇن بولسۇن، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جۈملىنىڭ باش بولىگىدىكى بىرىنچى خەۋەرنى پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى چۈشۈرىدىغان خەۋەر قىلىپ، ئىككىنچى خەۋەرنى مەقسەت، ئۇسۇل ياكى نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان تولدۇرغۇچى قىلىپ تەرجىمە قىلساق، مەنىنىڭ ئەسلى تېكىستكە مۇۋاپىق، توغرا بولۇپ چىقىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنداق توغرا تەرجىمىلەردىن بىرنەچچىنى ئۈلگە سۈپىتىدە مىسال كەلتۈرەيلى.

بىرىنچى ئۇسۇل:

"党能领导农民走上社会主义道路。"

"پارتىيە دىخانلارنىڭ سوتسيالىستىك يولدا مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلالايدۇ."

"大会认为，这个报告……是指导我党我军和我国人民夺取社会主义革命和社会主义建设新胜利的战斗纲领。"

"قۇرۇلتاي مۇنداق دەپ ھىساپلايدۇ: بۇ دوكلات......پارتىيىمىز، ئارمىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ سوتسيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسيالىستىك قۇرۇلۇشتا يېڭى غەلىبىلەر قازىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار پروگىراممىدۇر."

“毛主席领导我们推翻了三座大山，获得翻身解放，走上了社会主义康庄大道，过上了幸福生活。”

”ماۋجۇشى بىزنىڭ 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، قەد كوتىرىپ ئازات بولۇپ. سوتسىيالىستىك داغدام يولدا مېڭىشىمىزغا، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزگە رەھبەرلىك قىلدى.“

“凡有少数民族存在的地方，都要派出懂民族政策，对于仍然被歧视受痛苦的少数民族同胞怀抱着满腔热情的同志，率领访问团，前往访问，认真调查研究，帮助当地党政组织发现问题和解决问题，而不是走马观花的访问。

”ئاز سانلىق مىللەتلەر بارلىكى جايلارغا مىللى سىياسەتنى بىلىدىغان، ھېلىمۇ كەمسىتىلىۋاتقان، ئازاپ چېكىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلارغا تولۇق ھېسداشلىق قىلىدىغان يولداشلارنى ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ ھال سوراشقا، ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرگەندەك ھال سورىماي، بەلكى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شۇ جايلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسىلىلەرنى تېپىشى ۋە ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىشى لازىم.“

ئىككىنچى ئۇسۇل:

”چاتما سۆزلۈك“ جۈملىلەردىكى بىرىنچى خەۋەر ھەممىلا يەردە پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاساسىي خەۋىرى بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن خەۋەرنى ھەممىلا يەردە مەقسەت-نەتىجە ياكى ۋاستىنى بىلدۈرىدىغان تولدۇرغۇچى قىلىپ تەرجىمە قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

“党支部发动全厂职工加强企业管理，健全岗位责任制，有力地促进了生产的发展。”

”پارتىيە ياچېيكىسى زاۋۇتتىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كارخانىنى باشقۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىشكە، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەركەتلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك راۋاجلاندۇردى.“

بۇ جۈملىنى پارتىيە ياچېيكىسى......ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ......كۈچەيتىشكە،......نى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە......نى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەركەتلەندۈردى“ دەپ تەرجىمە قىلىش يارىمايدۇ. چۈنكى، ئەسلى مەنە ”پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھەركەتلەندۈردى، شۇ يول بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى.“ چاتما سۆزلۈك جۈملىدىكى ئاساسىي خەۋەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە، گەپتە سۆزلەرنىڭ مەنتىقىي مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

“党支部组织职工正确认识民主与纪律的关系，使全体职工提高了遵守革命纪律的自觉性，劳动生产不断提高。”

بۇ جۈملىنى ”پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى“ دەپ تەرجىمە قىلىش مەنتىققە توغرا كەلمەيدۇ. ”پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى-خىزمەت-

چىلەرنى......بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ.....ئاكتىپچانلىقىنى ئۇستۇرۇشكە ئۈيۈشتۇردى" دېيىش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ جۈملىدە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ "ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشكە ئۈيۈشتۇرغان"لىغىلا خەۋەر قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، "پارتىيە ياچېيكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى دېموكراتىيە بىلەن ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشكە ئۈيۈشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىنقىلاۋىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇردى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتىرىلدى" دەپ تەرجىمە قىلىنسا توغرا بولىدۇ. "پارتىيە ياچېيكىسى.....ئۈيۈشتۇرۇپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ.....ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇردى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى" دەپ تەرجىمە قىلىشمۇ خاتا بولمايدۇ.

ئۈچىنچى ئۇسۇل:

شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، چاتما سوزلۇك جۈملىلەردە مەيلى پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاساسىي خەۋىرى بولۇپ كەلگەن پېئىل بولسۇن، مەيلى تەرجىمىدە تولدۇرغۇچىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىككىنچى ۋە باشقا پېئىللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىشىنى توغرا ھەل قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

"大会热烈欢呼我们党粉碎'四人帮'反党集团,取得了伟大胜利。"

"يىغىن پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىگە قارشى '4 كىشىلىك گورۇھ' نى تارمار قىلىپ ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلدى."

ئۇز ئوزىدىن مەلۇمكى، "پارتىيىمىز '4 كىشىلىك گورۇھ'نى تارمار قىلىپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۇردى"، شۇنىڭ ئۇچۇن "يىغىن تەنتەنە قىلدى"—بۇ ئوتكەن زامان، شۇنداق ئىكەن، يۇقۇرقى تەرجىمىدە زامان نۇقتىسىدىن بىرەر گۇمان تۇغۇلمايدۇ.

"毛主席领导我们推翻了三座大山，获得了翻身解放，走上了社会主义康庄大道，过上了幸福生活。"

بۇ جۇملىنى "ماۋجۇشى بىزنىڭ ئۇچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، قەد كوتىرىپ ئازات بولۇپ، سوتسىيالىستىك داغدام يولدا مېڭىشىمىزغا، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزگە رەھبەرلىك قىلدى" دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىزدا، "ئاغدۇرۇپ، قەد كوتىرىپ، ئازات بولۇپ.....مېڭىشىمىزغا"، "ئېرىشىشىمىزگە" دېگەن پېئىللارنىڭ زامانى گىرامماتىكا نۇقتىسىدىن ئېنىق بولماي قالىدۇ.

بۇنداق ھاللاردا، ئەسلى تېكىستە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەرنى پۇتۇن جۇملىنىڭ "ئىگىسى" ۋە "خەۋىرى"لىگىدىن چىقىرىپ، ئەسلى تېكىستىكى ھەم "تولدۇرغۇچى" ھەم "ئىگە" بولۇپ كەلگەن "چاتما سوز (我们)" نى ئاساسىي ئىگىگە ئايلاندۇرۇپ، "بىز ماۋجۇشىنىڭ رەھبەر-

لىگەندە 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، قەد كۆتىرىپ ئازات بولۇپ، سوتسىيالىستىك داغدام يولدا ماڭدۇق، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۇق" دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن. بۇنىڭدا "بىز" نىڭ پائالىيىتىدىن "خەۋەر" بېرىدىغان پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. پېئىلنىڭ زامانىنى روشەنلەشتۈرۈشى ئۈچۈن، بۇنى "ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە" ياكى "ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن" "بىز.....ماڭدۇق.....ئېرىشتۇق" دەپ تەرجىمە قىلىش ھەم مۇمكىن.

تولىمچى ئۇسۇل:

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، چاتما سوزلۇك جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا تەرجىمە قائىدىسىدىكى "سوز تاللاش ئۇسۇلى"غا ئاساسەن، تەرجىمىدە شەكلەن تاشلاپ قويۇلسىمۇ، مەنە جەھەتتىن چۈشىنىلىدىغان ئايرىم سوزلەرنى تاشلاپ قويۇشمۇ مۇمكىن.

"中国共产党领导全国人民从胜利走向胜利。"

"جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىنى غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلىماقتا."

بۇ يەردە "走向" سوزى تاشلانغان، قارىماققا "مېڭىش" دىگەن سوز تاشلانغان، ماھىيەتتە بولسا، مەنىدە بۇ سوز كەملىك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بۇ سوزنىڭ تاشلانغانلىغى ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلىۋى. بىز ئادەتتە "مەن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كىنوغا بارىمەن" دىگىنىمىزدە كونكىرىت سوز مۇھىتىغا ئاساسەن "مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ

بولغاندىن كېيىن كىنو كورگىلى بارىمەن“ دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىمىز. لېكىن مۇتلەق كوپ شارائىتتا بۇ گەپنى كېيىنكى تەقلىتتە ئەمەس، ئالدىنقى تەقلىتتە ئېيتىمىز. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس تىل ئادىتى. بۇنىڭدا ھەرگىز كېيىنكى تەقلىتتىكى جۇملىگە كىرگەن ”يەپ بولغاندىن كېيىن“، ”كورگىلى“ دىگەن سوزلەر ئورنىنى تولدۇرمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە كەمىلىك قىلمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، خەنزۇ تىلىنىڭ تىل قائىدىسى بويىچە، ”مەن چۇشلۇك تاماقتىن كېيىن كىنوغا بارىمەن“ دىگەن گەپ “我午饭后去看电影” دىيىلسە، مەنىنىڭ تولۇقسىزلىغى ھىس قىلىنىپ، ”چۇشلۇك تاماق ۋاقتى بولغاندىن كېيىن“مۇ؟ ياكى ”باشقىلار چۇشلۇك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن“مۇ؟ دىگەن سوئاللار پەيدا بولىدۇ. “母亲正安置孩子们睡觉” دىگەن گەپنى ”ئانىسى بالىلىرىنى ئۇخلاشقا جايلاشتۇرۇۋاتىدۇ“ دىسەك ياكى ”ئانىسى بالىلىرىنى ئۇخلىتىشقا جايلاشتۇرۇۋاتىدۇ“ دىسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ياسىما، كۇلكىلىك بىر گەپ بولىدۇ، بۇنداق نۇقسانلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن، ”سوز تاللاش“ ئۇسۇلى بويىچە ”安置“ سوزىنى تاشلاپ قويۇپ، ”ئانىسى بالىلىرىنى ياتقۇزۇۋاتىدۇ“ ياكى ”....ئۇخلىتىۋاتىدۇ“ دەپ تەرجىمە قىلساق، تەرجىمە قائىدىسىگە خىلاپ بولمايدۇ.

يۇقۇرىدا ”چاتما سوز“ بىلەن كەلگەن جۇملە شەكىللىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ بىرنەچچە ئۇسۇلى ئۇستىدە توختىلىپ

ئوتتۇم. ئەمەلىيەتتە، خەنزۇ تىلىدا بىرنەچچە ئىگە، بىرنەچچە خەۋەر بىر بىرىگە چېتىلىپ كېلىدىغان، بولۇپمۇ مۇئەييەن بىر سوز شۇ بىر كونكرېت جۇملىدە بىرىنچى خەۋەر ئۇچۇن "تولدۇرغۇچى"، ئىككىنچى ۋە باشقا خەۋەرلەر ئۇچۇن "ئىگە" بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان جۇملە شەكىللىرىنىڭ تەركىۋى خېلى-لا مۇرەككەپ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىر خىل تەرجىمە قېلىپىنى ئولۇك قوللىنىش ھاجەتسىز. ھەتتا جۇملە تەركىۋىدىكى سوزلەر-نىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ، جۇملىنى پارچىلاپ تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

"他劝我回去休息。"

"ئۇ ماڭا قايتىپ دەم ئېلىڭ دېدى."

# ”ئىبارەت“تىن ئىزاھ ئىنىقلىغۇچىغا

بىراۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىمىزدا ياكى بىرەر ماقالا، بىرەر كىتاپنى ئوقۇغىنىمىزدا، غەيرىيرەك سۆزنى ئاڭلاپ قالساق، باشقىچىرەك گەپ ياكى جۈملىنى ئۇچرىتىپ قالساق، قانداقلا بولمىسۇن، بىر خىل غەيرىي تەبىي ئەھۋالنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ”يىغىنغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشنى كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ“ دىگەن گەپنى ئاڭلىساق، قۇلىغىمىزغا غەيرىي تەبىي ئاڭلىنىدۇ. ”بىز كوممۇنىستلار كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىز ئۇلۇغ ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم. دىگەن سۆزنى ئاڭلىساق ۋە ئوقۇساق، ھەر ھالدا ئومۇمى مەنىنى قىياسەن چۈشەنسەكمۇ، لېكىن خۇددى كىچىك كېلىپ پۇتنى غاجايدىغان كەش كىيىپ يول ماڭغاندەك، راۋان چۈشەنمەي، خېلى قىينىلىمىز. بۇنىڭدا سەۋەپ نىمە؟ سەۋەپ شۇ يەردىكى، بۇ سۆزلەر تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

تىل ئادىتى، تىل قائىدىسى دىگەن نىمە؟ دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى، سۆزلەردىن

جۇملە ياساش قائىدىسى بولىدۇ، كىشىلەر سوزلىگەندە، يازغاندا، ئەنە شۇ ئادەتكە، قائىدىگە رىئايە قىلىدۇ. بۇ ئادەت، بۇ قائىدىلەر ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائى، تارىخىي تەرەققىياتىدا پەيدىن-پەي شەكىللەنگەن، قېلىپ تەرىقىسىدە رول ئوينايدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. سوزلىگەندە، يازغاندا، شۇ ئادەت، قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنمىسا، ئاڭلىغان، ئوقۇغان ئادەمگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنىڭ كېلىشى، غەيرى تەبىى تۇيۇلۇشى، چۈشىنىكسىز بولۇشى تۇرغان گەپ.

”ئىبارەت“ سوزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئادەتتىكى سوز جانلىق تىلدا ۋە قىسمەن كىتاۋىي تىلدا ئۇزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە تىلىدا تىل ئادىتىنىڭ، قائىدىسىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا، ئۇزىگە تېگىشلىك ئورۇننى تاپالماي، گەپنى گەپكە قولاشتۇرماي، سوزنى ئېلىشتۇرۇش، ھەتتا مەنىنى مۇجمەللەشتۇرۇش سەۋەنلىگىنى كەلتۇرۇپ چىقارماقتا. يۇقۇرقى مىسالدىن ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ئاددىغىنا بىر ”ئىبارەت“ سوزى ئارىلاشقان گەپ، كوپ ھاللاردا، ئاڭلىغاندا قۇلاققا ياقمايدۇ، ئوقۇغاندا مىڭىگە چۈشەنچە ئېغىرلىغىنى كەلتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن، ئەنە شۇ ئاددىغىنا ”ئىبارەت“ سوزى بولۇپمۇ يېزىقتا يازغۇچىلارنى، تەرجىمانلارنى، تەھرىرلەرنى سوزدىن جۇملە تۇزۇش، جۇملىنى ئىشلىتىشتىكا

جەھەتتىن ئىخچام، چىرايلىق ۋە راۋان ئىشلەش جەھەتتىكى خىزمىتىدە خىلمۇ-خىل مۇنازىرىلەرگە سېلىپ قويماقتا. بۇنداق ئەھۋالنى ئومۇملاشقان ھادىسە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا قىسمەن مەۋجۇت. ”كوزگە ئىلمىغان چوماق پۇتقا پۇتلىشىپتۇ“ دېگەندەك، سىنچىلاپ تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئەنە شۇ ئاددىغىنا ”ئىبارەت“ سوزى بولۇپمۇ قىسمەن تەرجىمىلەردە ئورۇنسىز قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس ئادىتىنى، قائىدىسىنى بۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە ئارقىلىق ئۇقۇلغان خەنزۇ تىلى ”شۇنداق داڭقان پۇتى تىل ئوخشايدۇ“ دەيدىغان خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىشتىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. ”ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇئىقەست“، ”4 كىشىلىك گۇرۇھتىن ئىبارەت سۇئىقەستچىلەر“، ”ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپە“، ”كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت يۈكسەك غايە“، ”لېنىنىزىمدىن ئىبارەت ئىدىيىۋى قورال“، ”نەزىرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ پىرىنسىپ“، ”پارتكومدىن ئىبارەت بىر بەن ئادەم“ ۋاھاكازا. مۇشۇنداق تەقلىتتە تۈزۈلگەن ئىبارە، گەپلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، گەپتە سوزلەرنىڭ باغلىنىشى نۇقتىسىدىن، يەنى جۈملىدىكى سوزلەرنىڭ گىراماتىك باغلىنىشى جەھەتتىن بىرەر مۇۋاپىقسىزلىقنى ھېس قىلمايمىز، ”ئىبارەت“ سوزى، يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن تەقلىتتە، مەتبۇئات يۈزىدە خېلى كوپ ئورۇننى

ئالغان ۋە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلـگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ھالىتىدە كەلگەن ئورۇنلاردا ھەرھالدا تىل ئادىتىگە نىسبەتەن يات تۇيۇلۇپ كەلمەكتە؛ تەرجىمانلار ئۇچۇن غەيرى تەبىي يوسۇندا بىرقەدەر ”ئۇزلـىشىپ“ قالـغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن كىتابخانلار، ئاڭلىغۇچىلار نەزىرىدە يات گەپ، غەلىتە گەپ بولۇپ كەلـمەكـتە. كوپ يىلـلىق تەرجىمە ئەمىلـيىتىدە شۇنداق ”يات گەپ“ سەۋىۋىدىن ئالغان ساۋاقلىرىم ئاز ئەمەس. تەرجىـمىدە ”ئىـبارەت“ سوزى يۇقۇرقـىدەك قوللىنىلـغانلىكى شارائىتلاردا، ”ئۇيغۇرچە گەپ قىلساڭچۇ“، ”ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلساڭ بولمامدۇ؟“ دىگەن باھالار ئاز ئەمەس.

”ئىبارەت“ سوزى، بىر مەنىدىن ئالغاندا، ”تەركىپ تاپقان“ دىگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسلەن، ”بۇ گۇرۇپپا 20 كىشىـدىن ئىبارەت“، ”20 كىشىدىن ئىـبارەت گۇرۇپـپا“ دىگەنـدە، ”بۇ گۇرۇپپا 20 كىشىدىن تەركىپ تاپقان“، ”20 كىشىدىن تەركىپ تاپقان گۇرۇپپا“ دىگەن مەنىنى ئاڭلـىتـىدۇ. دىـمەك، ئۇيغۇر تىلدا ”ئىبارەت“ سوزىنىڭ شۇنداق تۈزۈلۈشتە كېلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىگە خاس ئادىـتى. بۇنداق تۈزۈلۈشتىـكى گەپلەر، جۇملـىلەر تىل قائىدىـسى ئىپتىـۋارى بىلەن ئالغانـدا، غەلـىتە تۇيۇلمايـدۇ. خۇددى شۇ ”ئىـبارەت“ سوزى بىلەن ”يۇقۇرى قان بېسىمىدىن ئىـبارەت ئىبلـىس چىرمىۋالـدى“ دىـسەك ۋە شۇ تەقلىتتە جۇملە تۈزسەك، بۇ جۇملىنىڭ غەلـىتە ئىكەنلىگى، ئۇيغۇر تىلـىنىڭ ئادىتىـگە ئانـچە مۇۋاپىق كەلمەيـدىغانـلىغى

گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

گەپ شۇ يەردىكى، "ئىبارەت" سوزىنىڭ جۇملىدە خەۋەرنى بىلدۇرىدىغان ياردەمچى سوز ئورنىدا قوللىنىلماي، تەڭداش سوزلەرنى بىر بىرىگە باغلاپ، چاپلاپ تۇرغۇچى ۋاستە ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ھالىتى، مۇتلەق كوپ شارائىتتا، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى ئىكەنلىگىنى بىلدۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلىرىمىزدە مۇنتىزىم قائىدىلەشكەن "ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى" شەكلى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قائىدىگە يات "ئىبارەت" تارتىۋالغان.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ تەبىرى بويىچە، جۇملىدە ئالدىن كەلگەن سوزنى ئارقىدىن روشەن، ئېنىقراق ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كېلىدىغان سوز (بىر ياكى بىرنەچچە سوز) ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

"بىز زىيالىلار، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشىمىز".

"ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى، بۇ ئىدىيىۋى قورالنى ئىگەللەش كېرەك". "ھازىر قەلەمنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا، بايىقى ئىش كوز ئالدىمغا كەلدى"......

بۇ مىساللاردىكى بىرىنچى جۇملىدە ئېيتىلغان "زىيالىلار" سوزى "بىز"نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن؛ ئىككىنچى جۇملىدە "بۇ ئىدىيىۋى قورال" دىگەن سوز بىرىكمىسى "ماركسىزىم-لېنىنىزىم"نى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن؛ ئۇچىنچى جۇملىدىكى "قەلەمنى قولۇمغا ئالغان ۋاقىتتا" دىگەن سوزلەر بىرىكمىسى

"هازىر"نى ئىنقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن.

بۇ گىراماتىك قائىدە خەنزۇ تىلىدىمۇ ئوخشاش. مەسلەن:

“我们这个队伍完全是为着解放人民的，是彻底地为人民的利益工作的。”

"بىز، بۇ قوشۇن تامامەن خەلقنى ئازاتلىقا چىقىرىشنى كوزلەيمىز، ئۇزۇل-كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۇچۇن ئىشلەيمىز".

“没有坚定纯洁的无产阶级的立场和理想，是不能彻底了解和真正掌握马克思列宁主义这门科学的。”

"مۇستەھكەم ۋە پاك پۇرولېتارىيات مەيدانى ۋە غايىسىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى، بۇ پەننى تەل-توكۇس چۈشىنىش ۋە ھەقىقى ئىگەللەش مۇمكىن ئەمەس."

بۇ مىسالدىكى بىرىنچىدە كەپتە “这个队伍” دىگەن سوز “我们” نى، “这门科学” دىگەن سوز “马克思列宁主义” نى ئىزاھلاپ، ئىنقلاپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزاھ ئىنقلىغۇچى تۇزۇلۇشىدىكىگە ئوخشاش تەقلىتتە كەلگەن سوزلەر خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كوپ ھاللاردا، ئۇزىگە خاس قائىدىگە ھورمەت قىلىنمىغانلىغى ئۇچۇن، بەزى نۇقسانلار يۈز بەرمەكتە. بىرىنچى مىسالنى ئېلىپ ئېيتساق، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلايلى» دىگەن ئەسىرىدىكى بىر مەشھۇر جۇملە ئىزچىل ھالدا: "بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن خەلقنى ئازاتلىقا چىقىرىشنى كوزلەيدۇ، ئۇزۇل-

كېسىل خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدا "قوشۇنىمىز....كوزلەيدۇ،......ئىشلەيدۇ" دەپ ئۈچىنچى شەخسنىڭ پائالىيىتىدىن خەۋەر بېرىلگەن. ماھىيەتتە، "بىز" يەنى "بۇ قوشۇن"، "كوزلەيمىز"، "ئىشلەيمىز" دېگەن مەنىنى ئاڭلاتقان بولسا توغرا بولاتتى. ئىككىنچى مىسالدىكى "马克思列宁主义这门科学" دېگەن ئىبارە "ئىبارەت" ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى تەقلىتىدە "ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى، بۇ پەننى......" دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، خەنزۇچە نۇقتىسىدىنمۇ، ئۇيغۇرچە نۇقتىسىدىنمۇ قائىدىگە چۈشكەن ۋە غەيرى تەبىي ياسالما بولمىغان بولاتتى.

ئىزاھ ئىنىقلىغۇچى تەقلىتىدە تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، جۈملە تەركىۋىگە كىرگەن ئىككى سوز ياكى سوزلەر بىرىكمىلىرى ئۇقۇم جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئورۇندا قاتار كېلىپ، ئوخشاش بىر شەيئىنى بايان قىلىدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى ئېنىقلاپ، ئىزاھلاپ بېرىدۇ. بۇ گىرامماتىك قائىدە خەنزۇ تىلىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن:

"我们共产党人从来不隐瞒自己的政治主张。"

"بىز، كوممۇنىستلار، ئوزىمىزنىڭ سىياسى تەشەببۇسىنى ئەزەلدىن يوشۇرمايمىز".

"由中央电视台和辽宁人民艺术剧院合作录制的彩色电

视剧《乔厂长上任记》已在沈阳开拍。”

”مەركىزىي تېلېۋىزور ئىستانسىسى بىلەن لياۋنىڭ خەلق سەنئەت دىرامىسى بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور تىياتىرى «چياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى» شېنياڭدا ئىشلىنىشكە باشلىدى.“

“他用自己的眼睛读世间这一活书。”

”ئۇ كىشلەر دۇنياسىنى، بۇ جانلىق كىتاپنى ئۆز كۆزى بىلەن ئوقۇيدۇ.“

يۇقۇرقى ئۈچ مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە ”共产党人“ دىگەن سۆزلەر ”我们“ نى؛ ”乔厂长上任记“ دىگەن سۆزلەر ”活书“ نى؛ ”彩色电视剧“ دىگەن سۆزلەر ”世间“ نى ئىنقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن. خەنزۇ تىلىدىكى شۇ قائىدە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش. ”كوممۇنىستلار“ دىگەن سۆز ”بىز“نى؛ ”چياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى“ دىگەن سۆزلەر بىرىنچىسى ”رەڭلىك تېلېۋىزور تىياتىرى“ دىگەن سۆزلەر بىرىكمىسىنى؛ ”جانلىق كىتاپ“ دىگەن سۆزلەر ”كىشلەر دۇنياسى“نى ئىنقلاپ، ئىزاھلاپ كەلگەن. خەنزۇچە ئىزاھ ئىنقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن ئىبارە، گەپ، جۈملىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ پۈتۈنلەي ئىزاھ ئىنقلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن ئىبارە، گەپ، جۈملە قىلىپ تەرجىمە قىلىش تامامەن مۇمكىن.

”كىشلەر دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ جانلىق كىتاپ“ نى ”世间活书“ دەپ، ”乔厂长上任记“، ”彩色电视剧“ دىگەن

سوزلەرنى "رەڭلىك تېلېۋىزوردىن ئىبارەت چىياۋ چاڭجاڭنىڭ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشى" ۋاھاكازا دەپ، تىل ئادىتىنى، تىل قائىدىسىنى بۇزۇپ، گەپنى زورمۇ-زور غەلىتىلەشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

خەنزۇ تىلىدا ئېنىقلانغۇچى باش سوز ئالدىدا، ئىزاھات تەرىقىسىدە ئېنىقلىغۇچى سوز ئارقىدا كېلىدۇ، بۇلار كوپ ھاللاردا بىر بىرىگە ھىچبىر ياردەمچى سوزسىزلا، گىرامماتىك بەلگىلەرسىزلا ياندىشىپ كېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا بولسا يېزىقتا ئىككى تەرەپتىن پەش (،) بىلەن ئاجرىتىلىدۇ، ئايرىم ھاللاردا ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارقىسىغا پەش قويۇلمىسىمۇ بولىدۇ. ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار گەپنىڭ ھەر خىل بولەكلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.

ئىگىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ:

“我们一切工作干部，不论职位高低，都是人民的勤务员，我们所做的一切，都是为人民服务，我们有些什么不好的东西舍不得丢掉呢？”

"بىز، بارلىق كادىرلار، مەيلى خىزمەت ئورنىمىز يۇقۇرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن، خەلقنىڭ خىزمەتكارىمىز، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەلق ئۈچۈن تۇرسا، بىزدە تاشلىۋېتىشكە قىيمىغۇدەك يەنە قانداق نەرسىلەر بولسۇن؟"

بۇ مىسالدا "一切工作干部" (بارلىق كادىرلار)" دېگەن سوز "我们" (بىز) "نى ئىزاھلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن. بۇ

قائىدە خەنزۇچىدىمۇ، ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قائىدىگە هورمەت قىلماي "我们一切工作干部" دىگەن سوزلەر بىرىكمىسىنى "بىزنىڭ بارلىق كادىرلىرىمىز" دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇ هالدا، پۈتۈن جۈملىنىڭ خەۋىرى بىرىنچى شەخستىن كوچۈپ، ئۈچىنچى شەخسكە ئوتۇپ كېتىدۇ-دە، ئەسلى مەنىسىگە نۇقسان يېتىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ:

"那是一座陡得不可攀登的高山。"

"ئۇ تىك، يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ."

"哈尔滨工业大学积极调整政策，摆正教学和科研这两者的关系，……"

"خاربىن سانائەت داشۆيىسى سىياسەتنى ئاكتىپ تەڭشەپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرىلىدى،……"

ئالدىنقى مىسالدىكى "不可攀登的"، "陡得" دىگەن سوزمۇ، دىگەن سوزمۇ هەتتا "高" مۇ "山" نى ئېنىقلىغان؛ شۇ ئېنىقلىغۇچىلاردىن "高" سوزىنى "山" سوزى بىلەن بىرىككەن سوز دەپ قارىساق، "不可攀登" دىگەن ئېنىقلىغۇچى "陡得" دىگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ.

كېيىنكى مىسالدىكى "教学和科研……的" دىگەن سوزمۇ، "这两者的" دىگەن سوزمۇ "关系" نىڭ ئېنىقلىغۇچىسى. بۇلاردىن "教学和科研" بولسا "这两者的" ئىبارىسىنى يەنى

ئىنقىلغۇچىنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن تەرجىمىدە بۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەنىنى توغرا ئىپادىلەش شەرتى ئاستىدا ئىخچاملاشتۇرۇش مۇمكىن. يەنى تەرجىمىدىكى "قىسقارتىش ئۇسۇلى"نى قوللىنىپ، "这两者的" (بۇ ئىككىسىنىڭ)» دىگەن سۆزنى تەرجىمىدىن چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن.

تولدۇرغۇچىنى ئىنقىلاپ كېلىدۇ:

“我把它作为礼物送给你，希望它伴着你再次度过一个相同的历程，一个‘青出于蓝而胜于蓝’的历程。”

"مەن بۇنى سىزگە سوغا قىلاي، بۇ سىزگە ھەمرا بولۇپ يەنە بىر ئوخشاش مۇساپىنى، 'كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئاۋال چىققان قۇلاقتىن ئېشىپ كېتىدىغان' مۇساپىنى بېسىپ ئۆتسۇن."

“希望你们按照新时期、新任务的要求，进一步认识教育工作的重大意义,真正做到自爱——热爱自己的工作；自尊——尊重自己的事业；自豪——豪情满怀地献身于崇高事业。”

"يېڭى دەۋرنىڭ، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، مائارىپ خىزمىتىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزەڭلارغا، ئۆز خىزمىتىڭلارغا كۆيۈنۈشۈڭلارنى؛ ئۆزەڭلارنى، ئۆز ئىشىڭلارنى قەدىرلىشىڭلارنى؛ پەخىرلىنىشىڭلارنى، يۈكسەك ئىشلارغا ئىپتىخارلىق بىلەن بېرىلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن."

ئىزاھ ئىنىقلىغۇچىلار ھالەتتىمۇ ئىنىقلاپ كېلىدۇ:

“我们伟大的祖国，人是最可宝贵的。”

”بىزدە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە، ئادەم ھەممىدىن قەدىرلىك.“

“他在我们这些青年学生面前却没有一点架子，平易近人。”

”ئۇ بىزنىڭ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىمىزدا زادىلا ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، خۇشپېئىل.“

“我的母校新疆大学里，凡是认识他的人，对他都赞不绝口。”

”ئانا مەكتىۋىمدە، شىنجاڭ داشۆيدە، تونۇيدىغانلىكى ئادەم ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ.“

ئىزاھ ئىنىقلىغۇچىلار ئىنىقلانغۇچى سۆزلەر بىلەن ”即“ (يەنى)، ”如“ (مەسىلەن)، ”主要是“ (ئاساسەن)، ”特别是“ (بولۇپمۇ، خۇسۇسەن)، ”这个“ (دىگەن)، ”其中有“ (جۈملىدىن)، ”其中包括“ (جۈملىدىن، شۇ قاتاردا) قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باغلىنىپ، ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

“无产阶级如果不能解放一切劳动人民，解放一切民族，即解放全人类，那么，无产阶级就不能完全解放自己。

”پرولېتارىيات بارلىق ئەمگەكچىلەرنى، بارلىق مىللەتلەرنى، يەنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنىمۇ تولۇق ئازات قىلالمايدۇ.“

“许多作家，如冰心、严文井、陈伯吹等人，都在挥笔为孩子们写新作。”

”بىرمۇنچە يازغۇچى، مەسىلەن، بىلىڭ شىن، يەن ۋېنجىڭ، چېن بوچۇيلەر، قولىلىرىغا قەلەم ئېلىپ، بالىلار ئۈچۈن يېڭى ئەسەر يازماقتا.“

“西藏人民与祖国各族人民，主要是与汉族人民之间的友好往来，在很早以前已经开始。”

”شىزاڭ خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئاساسەن خەنزۇ خەلقى بىلەن دوستانە باردى-كەلدىسى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى.“

“西藏人民长期以来就与中国各族人民，特别是汉族人民结成了亲密的兄弟关系，是祖国大家庭的一个成员。”

”شىزاڭ خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقى بىلەن، خۇسۇسەن خەنزۇ خەلقى بىلەن يېقىن ئاكا-ئۇكىلارچە مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ، چوڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى.“

“毛泽东同志反复阐述的正是实践是检验真理的唯一标准这个伟大真理。”

”يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ قايتا-قايتا بايان قىلىپ كەلگىنى دەل ئەمىلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى دىگەن ئۇلۇغ ھەقىقەت.“

خەنزۇ تىلىدا، بولۇپمۇ يېزىقتا، ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار سىزىق (—)نىڭ ياردىمى بىلەنمۇ باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

“俄国工农群众在列宁领导下举行了十月革命，创立了世界上第一个无产阶级专政的国家——俄罗斯苏维埃联邦社

会主义共和国。”

”روسىيىدە ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى لېنىننىڭ رەھبەرلىگىدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى قوزغاپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىغىدىكى دۆلەتنى—روسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلدى.“

“一九四九年中国人民解放战争在全国范围内取得了基本的胜利，打倒了各民族的共同的内部敌人——国民党反动政府，驱逐了各民族的共同的外部敌人——帝国主义侵略势力。”

”جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى 1949-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاساسەن غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىچكى دۈشمىنىنى—گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى يوقاتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تاشقى دۈشمىنىنى—جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.“

ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملىلەردە، مەيلى تولدۇرغۇچى، ھالەت بولۇپ كەلگەن ئىنقىلانغۇچى بولسۇن ياكى ئىنقىلىغۇچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئىنقىلىغۇچىغىمۇ، ئىنقىلانغۇچىغىمۇ بەرگەن ياخشى.

ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلار تۈزۈلۈشىدە كەلگەن جۈملىلەر مەنىنى روشەنلەشتۈرۈپ، تەرجىمە تىلىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۈستۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەتتە خەنزۇ تىلىدا ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلار، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ھەتتا سىزىق (—)

بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا
توغرا كېلىدۇكى، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى
ھېچبىر يارىدەمچىسىزلا قاتار كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن:

“我们中国共产党员”，“你们几个战士”，“实践标准”，
“缪斯文艺女神”

بۇنداق تەقلىتتە كەلگەن ئىبارىلەرنى، مەسىلەن
“我们中国共产党员” نى ”بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى-
مىز“ دەپ، ”你们几个战士“ نى ”سىلەرنىڭ بىرنەچچە جەڭ-
چىلار“ دەپ تەرجىمە قىلساق؛ گەپ مەنە جەھەتتىن ئىككىنچى
شەخسكە كۆچۈپ كېتىدۇ-دە، تېكىستتىكى بىرىنچى شەخس كۆزدە
تۇتۇلغان مەنىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ؛ ”بىزدىن ئىبارەت جۇڭگو
كوممۇنىستلىرى“، ”سىلەردىن ئىبارەت بىرنەچچە جەڭچى“
دەپ تەرجىمە قىلغاندا، سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق باغلىنىشى
جەھەتتىن، شەخسنى ئېنىق ئىپادىلەش جەھەتتىن مۇۋاپىق
بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە سىغمايدۇ. ”实践标准“
دىگەن سۆزنى ”ئەمەلىيەت ئۆلچىمى“ دەپ تەرجىمە قىلساق،
”ئەمەلىيەتنىڭ ئۆلچىمى“ نىمە؟ دىگەن مەنتىقىي ئۇقۇم سوئالى
كېلىپ چىقىدۇ. دىمەك، مەنە مۇجمەللىشىدۇ؛ ”缪斯文艺女神“
”موسىس ئەدەبىيات-سەنئەت پەرىسى“ دەپ تەرجىمە قىلساق،
ئېنىق مەنە ئاڭلىتىش تەس. ”موسىستىن ئىبارەت ئەدەبىيات-
سەنئەت پەرىسى“ دىسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن

كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، بۇنداق ئىنقىلان-غۇچى بىلەن ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى تۈزۈلۈشىدە كەلگەن سوز-ئىبارىلەرنى، جۈملىلەرنى سىنتاكسىس قائىدىسىگە ھورمەت قىلىش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش كېرەك.

يېزىقتا ئىزاھ ئىنقىلىغۇچىلارنى سىنتاكسىس قائىدىسى بويىچە قوللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. ئۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئۇستۈرۈپ بېرەلەيدۇ. يەنى بىرىنچىدىن، گەپتە مەنىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، خۇددى جانلىق تىلدا تەكىتلىنىدىغان سوزنىڭ تاۋۇشى كوتىرىلىپ چىققانغا ئوخشاش، ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى جۈملىدە تەكىتلىنىدىغان سوز، ئىبارىنى تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۆۋەندە ئىزاھ ئىنقىلىغۇچى توغرا قوللىنىلغان جۈملىلەر بىلەن توغرا قوللىنىلمىغان جۈملىلەردىن سېلىشتۇرما مىسال كەلتۈرىمىز:

“社会意识形态包括政治、法律、哲学、文艺、道德、宗教各领域作为上层建筑，它总是为一定的经济基础服务的。”

“سىياسى، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئەخلاق، دىن قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈستقۇرۇلما بولغان ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيە ھامان مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.”

“ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيە، شۇ جۈملىدىن سىياسى، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئەخلاق ۋە دىن قاتارلىق ساھەلەر، ئۈستقۇرۇلما بولغىنى ھالدا، ھامان بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىسقا خىزمەت قىلىدۇ.”

“列宁一贯强调在坚持无产阶级国际主义的同时，要同两种错误的倾向作斗争：一种是大国沙文主义，一种是狭隘的民族主义。列宁对大国沙文主义，特别是对大俄罗斯民族主义，是深恶痛绝的。”

”لېنىن پۇرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىدا چىڭ تۇرۇشنى ئىزچىل تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ دولەت شوۋىنىزمى ۋە تار مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاتا خاھىشقا قارشى كۈرەش قىلىش لازىملىقىنىمۇ ئىزچىل تەكىتلىگەن. لېنىن بولۇپمۇ چوڭ رۇس مىللەتچىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ دولەت شوۋىنىزمىغا تىش-تىرنىقىچە ئۆچ ئىدى.“

”لېنىن پۇرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى خىل خاتا خاھىشقا: بىرى — چوڭ دولەت شوۋىنىزمىغا، بىرى — تار مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش لازىملىقىنىمۇ ئىزچىل تەكىتلىگەن. لېنىن چوڭ دولەت شوۋىنىزمىغا، بولۇپمۇ چوڭ رۇس مىللەتچىلىكىگە تىش-تىرنىقىچە ئۆچ ئىدى.“

“这两个报告着重阐述了执政党如何执行群众路线，反对脱离实际，反对官僚主义；如何执行民主集中制原则，反对个人专权；如何维护团结和统一，反对分裂；如何正确理解和处理好群众、政党和领袖的关系等一系列重大问题。”

"بۇ ئىككى دوكلاتتا ھاكى-
مىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ
ئامىۋى لۇشىيەنىنى قانداق
ئىجرا قىلىپ، ئەمىلىيەتتىن
ئايرىلىپ قېلىشقا ۋە بىيۇروكى-
راتلىقتا قارشى تۇرۇشى؛
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۇ-
رۇش تۈزۈمى پىرىنسىپىنى
قانداق ئىجرا قىلىپ، شەخسى
ھاكىم مۇتلەقلىقتا قارشى
تۇرۇشى؛ ئىتتىپاقلىق ۋە
بىرلىكىنى قانداق قوغداپ،
بولگۇنچىلىككە قارشى تۇرۇ-
شى؛ ئاما، پارتىيە ۋە داھى-
نىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتىنى
قانداق قىلىپ توغرا چۈشىنى-
شى ۋە توغرا بىرتەرەپ قىلى-
شى قاتارلىق بىرقاتار زور
مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھالدا
شەرھىلەنگەن."

"بۇ ئىككى دوكلاتتا بىرقاتار
زور مەسىلىلەر — ھاكىمىيەت
بېشىدا تۇرغان پارتىيىنىڭ
ئەمىلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشقا،
بىيۇروكراتلىققا قارشى
ئامىۋى لۇشىيەنىنى قانداق
ئىجرا قىلىشى؛ شەخسى ھاكىم
مۇتلەقلىققا قارشى دېموكرا-
تىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پىرىن-
سىپىنى قانداق ئىجرا
قىلىشى؛ بولگۇنچىلىككە
قارشى ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك-
نى قانداق قوغدىشى؛ ئاما،
پارتىيە ۋە داھى ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتنى قانداق
توغرا چۈشىنىشى ۋە توغرا
بىرتەرەپ قىلىشى ۋاھاكازا-
لار ئېتىۋار بىلەن شەرھىلەن-
گەن."

"恩格斯在《论住宅问题》中指出：'正是由于这种工业革命'人的劳动生产力才达到了这样高的水平，以致在人

类历史上破天荒第一次创造了这样的可能性：在所有的人实行合理分工的条件下，不仅进行大规模生产以充分满足全体社会成员丰裕的消费和造成充实的储备，而且使每个人都有充分的闲暇时间从历史上遗留下来的文化——科学、艺术、交际方式等等——中间承受一切真正有价值的东西；并且不仅是承受，而且还要把这一切从统治阶级的独占品变成全社会的共同财富和促使它进一步发展。”

”ئېنگېلس «ئوي-جاي
مەسلىسى توغرىسىدا» دىگەن
ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كور-
سىتىدۇ: ’دەل مانا مۇشۇ سانا-
ئەت ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا‘
كىشىنىڭ ئەمگەك-ئىشلەپچى-
قىرىش كۇچى شۇنداق يۇقۇرى
سەۋىيىگە يەتتىكى، ئىنسانىيەت
تارىخى باشلانغانىدىن بۇيان،
جىمىكى كىشلەر ئوتتۇرىسىدا
ئەقىلغە مۇۋاپىق ئىش تەقسى-
ماتى يولغا قويۇلغان شارائىت
ئاستىدا، جەمىيەتىنىڭ بارلىق
ئەزالىرىنىڭ مول ئىستىمالىنى
قاندۇرۇش ۋە مول زاپاس
فوندىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇش

”ئېنگېلس «ئوي-جاي
مەسلىسى توغرىسىدا» دىگەن
ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:
’دەل مانا موشۇ سانائەت
ئىنقىلاۋى ئارقىسىدا‘ كىشلەر-
نىڭ ئەمگەك-ئىشلەپچىقىرىش
كۇچى شۇنداق يۇقۇرى سەۋى-
يىگە يەتتىكى، ئىنسانىيەت
تارىخىدا بىرىنچى قېتىم مۇنداق
ئىمكانىيەت، يەنى: ھەممە
ئادەم مۇۋاپىق ئىش تەقسىم
قىلىنىۋالغان شارائىتتا، جەمىيەت-
نىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ مول
ئىستىمال ھاجىتىنى تولۇق
قاندۇرىدىغان ۋە تولۇق
زاپاس تەييارلايدىغان زور

ئۇچۇن كەڭ كولەمدە ئىشلەپ-
چىقىرىش ئېلىپ بېرىشقىلا
ئەمەس، بەلكى ھەر بىر كىشىگە
تارىخىي مىراس بولۇپ كەل-
گەن مەدەنىيەتتىن — پەندىن،
سەنئەتتىن، ئالاقە ئۇسۇلى
ۋە باشقىلاردىن — ھەقىقىي
قىممەتكە ئىگە بولغان نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەش-
تۈرۈۋېلىشقا، ئۆزلەشتۈرۈۋې-
لىشقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى
ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ تەنھا
ئىگىلىۋېلىشىدىن پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى بايلىقىغا
ئايلاندۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى
يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئۈچۈن بوش ۋاقىت بېرىشكە
بىرىنچى قېتىم ئىمكانىيەت
تۇغۇلدى.“

كولەملىك ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەنلا
قالماستىن، بەلكى ھەر بىر
كىشىنى تارىختىن قالغان
مەدەنىيەتتىن — پەن، سەن-
ئەت، ئالاقە ئۇسۇللىرى ۋە
باشقىلاردىن — ھەقىقىي قىممەت-
كە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى
ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقىمۇ تولۇق
بوش ۋاقىت چىقىرىش ئىمكا-
نىيىتى، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش
بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ-
لارنى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ
تەنھا مۈلكىدىن پۈتۈن جەمى-
يەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلان-
دۇرۇش ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ
راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىمۇ
يارىتىلدى.“

“之后，少奇同志还写了《论共产党员的修养》、《论党内斗争》、《论党》（即在党的“七大”作的关于修改党章的报告）等一系列闪耀着马克思主义光辉的关于党的建设的专著。”

"ئۇنىڭدىن كېيىن، يولداش ليۇ شاۋچى «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا»، «پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەش توغرىسىدا»، «پارتىيە توغرىسىدا» (يەنى پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات) قاتارلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماركسىزمنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بىرقاتار مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان."

"ئۇنىڭدىن كېيىن، يولداش ليۇ شاۋچى پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ماركسىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئەسەرلەرنى، «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا»، «پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەش توغرىسىدا»، «پارتىيە توغرىسىدا» (يەنى پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈزىتىش توغرىسىدا بەرگەن دوكلادى) دېگەن مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازدى."

يۇقىرقى مىساللارنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى تەرجىمىلىرىنى، ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، چۈشىنىش ھەرھالدا قىيىنراق؛ جۈملىلەر ئېغىر، تەكتىلىنىۋاتقان سۆز-ئىبارىلەردە مەنە دېگەندەك ئېنىق ئەمەس؛ بولۇپمۇ ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ دائىرىسى روشەن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈملىلەر ئۇزۇن، مۇرەككەپ قوشما جۈملىلەر بولغاچقا، بىر كورۇش بىلەنلا مەنىنى تولۇق ھەزىم قىلىپ كېتىش، گەپنىڭ تەكتىلىنىۋاتقان تەرەپلىرىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش قىيىنراق. ئۇنىڭ ئەكسىچە،

سول تەرەپتىكى تەرجىمىلەر (ئەلۋەتتە، تېخىمۇ ئىخچام، راۋان ۋە يەڭگىل تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى بولۇشى مۇمكىن) ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى تەقلىتىدە بولغاچقا، ھەر ھالدا ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ھەم يەڭگىل، ھەم چۈشىنىشلىك؛ بولۇپمۇ جۈملىدە تەكىتلىنىۋاتقان نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، چەكلىك دائىرىسى روشەن بېرىلگەن.

# تەرجىمىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن سىلىشتۇرما ماتېرىيال

## 论翻译书

傅雷

新璋先生：

大扎并尊译稿均陆续收到。René 与 Atala均系二十一二岁时喜读，归国后逐渐对浪漫派厌倦，原著久已不翼而飞，无从校阅，尚望惠寄。惟鄙人精力日衰，除日课外尚有其他代人校订工作，只能排在星期日为之，而友朋见访又多打扰，尊稿必须相当时日方能细读，尚盼宽假为幸。

鄙人对自己译文从未满意，苦闷之处亦复与先生同感。传神云云，谈何容易！年岁经验愈增，对原作体会愈增，而传神愈感不足。领悟为一事，用中文表达为又一事。况东方人与西方人之思想方式有基本分歧，我人重综合，重归纳，重暗示，重含蓄；西方人则重分析，细微曲折，挖掘唯恐不尽，描唯恐不周，此两种 mentalité 殊难彼此融洽交流。同为 métaphore，一经翻译，意义即已晦涩，遑论情趣。不若西欧文字彼此同源，比喻典故大半一致。且我国语体文历史尚浅，句法词汇远不如有二三千年传统之文言；一切皆待文艺工作者长期摸索。愚对译事看法实甚简单：重神似不重形似；译文必须为纯粹之中文，无生硬拗口之病；又须能朗朗上口，

求音节和谐；至节奏与 tempo，当然以原作为依归。尊札所称“傅译”，似可成为一宗一派，愧不敢当。以行文流畅，用字丰富，色彩变化而论，自问与予定目标相距尚远。

先生以九阅月之精力抄录拙译，毅力固可佩，鄙人闻之，徒增愧恧。惟抄录校对之余，恐谬误之处必有发现，倘蒙见示，以便反省，无任感激。数年来不独脑力衰退，视神经亦感疲劳过度，往往眼花流泪，译事进度愈慢，而返工愈多：诚所谓眼界愈高，手段愈绌，永远跟不上耳。

至于试译作为练习，鄙意最好选个人最喜欢之中短篇着手。一则气质相投，容易有驾轻就熟之感；二则既深爱好，领悟自可深入一层；中短篇篇幅不多，可于短时间内结束，为衡量成绩亦有方便。事先熟读原著，不厌求详，尤为要著。任何作品，不精读四五遍决不动笔，是为译事基本法门。第一要求将原作（连同思想，感情，气氛，情调等等）化为我有，方能谈到迻译。平日除钻研外文外，中文也不可忽视，旧小说不可不多读，充实辞汇，熟悉吾国固有句法及行文习惯。鄙人于此，常感用力不够。总之译事虽近舌人，要以艺术修养为根本：无敏感之心灵，无烈热之同情，无适当之鉴赏能力，无相当之社会经验，无充分之常识（即所谓杂学），势难彻底理解原作，即或理解，亦未必能深切领悟。倘能将英译本与法文原作对读，亦可获益不少。纵英译不尽忠实，于译文原则亦能有所借鉴，增加自信。拙译服尔德，不知曾否对校？原文修辞造句最讲究，译者当时亦煞费苦心，或可对足下略有帮助。草草先行布覆，即候文绥。

傅雷拜启一九六三年一月六日

（抄于1980年4月18日选抄于“读书”79年第三期）

# كىتاپ تەرجىمىسى ھەققىدە

فۇ لېي

شىن جاڭ ئەپەندى:

ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ۋە تەرجىمە ئارگىنالىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. Rena بىلەن Atala نى 21 ـ 22 يېشىمدىلا قىزىقىپ ئوقۇغان ئىدىم، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، رومانتىكلاردىن بارا ـ بارا بىزار بولدۇم، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئاللىقاچان يۇتۇپ كەتكەن ئىدى، سېلىشتۇرۇپ كورۇپ بېرىش ئۇچۇن ئەسلى ئەسەرنى ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئۇمىت قىلىمەن. شۇغىنىسى، كۈندىن ـ كۈنگە ماغدىرىمدىن كېتىپ قېلىۋاتىمەن، كۈندە دەرس ئوتۇشتىن تاشقىرى، باشقىلار ئۇچۇن، تەرجىمىنى تەھرىرلەپ بېرىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇۋاتىمەن، شۇڭا سىزنىڭكىنى پەقەت يەكشەنبە كۈنلىرىلا ئىشلەپ بېرەلەيمەن، بىراق ئەل ـ ئاغىنىلەر كېلىپ كوپ كاشىلا قىلىدۇ، شۇڭا ئارگىنالىڭىزنى خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئاندىن تەپسىلى ئوقۇپ چىقالىشىم مۇمكىن. بۇنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

مەن ئوز تەرجىمىلىرىمدىن زادىلا مەمنۇن بولغان ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى غۇمۇمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مىنى تەر-

جىمىدە مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ دەپسىز، بۇ دەرىجىگە يېتىش نەدىمۇ ئاسان بولسۇن! يېشىم، تەجرىبەم ئاشقانـ سېرى ئەسلى ئەسەرنى چۈشىنىش دەرىجەم ئاشقانسېرى تەرـ جىمىدە مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىمنى ھىس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشىنىش بىر ئىش، ئۇنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش باشقا بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقلىقلەر بىلەن غەرپلىكلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى بىر بىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، بىز ئومۇملاشتۇرۇشقا، يىغىنچاقلاشقا، بىشارەت بېرىشكە، ئىما قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىمىز؛ غەرپلىكلەر بولسا تەھلىل قىلىشقا، تەپسىلى ۋە ئىنچىكە ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەسۋىرلىمەي قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. بۇ ئىككى خىل mentalite[①] نى يۇغۇرۇۋېتىش تولىمۇ قىيىن. ئوخشاش بىر metaphore[②] تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، مەنىسى مۇجمەل بولۇپ قېلىپ، مەزىسى كېتىپ قالىدۇ، سوزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاش بولغان، ماقال ـ تەمسىللىرى كوپىنچە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياۋروپا تىللىرىدەك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىـ مىزنىڭ ئامىباپ ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخى تېخى ئۇزۇن ئەمەس، ئۇنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى ۋە لۇغەت فوندى 2 ـــ 3 مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولغان قەدىمقى كىتاۋىي تىلغا يەتمەيدۇ، بۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىشىگە قاراشلىق. مېنىڭ تەرجىمە ئىشىغا بولغان قارىشىم ناھايىتى

ئاددى: شەكىلگە ئەھمىيەت بەرگەندىن كورە، مەزمۇنىغا كوپرەك ئەھمىيەت بەرگەن تۈزۈك؛ تەرجىمە ساپ خەنزۇ تىلىدا بولۇپ چىقىشى، قاتمال ۋە ئىپىغىزغا چۈشۈپ بەرمەيدىغان بولۇپ قال- ماسلىغى لازىم؛ ئۇنىلۇك ئوقۇغاندا ئىغىزغا چۈشۈپ بېرىدىغان بولۇشى، ئاھاڭدار بولۇشى لازىم؛ رىتىمى ۋە tempo سى جەھەتتە ئەسلى ئەسەرنىڭكىنى ئاساس قىلىش لازىم. خېتىڭىز- دە، خۇددى ئۆز ئالدىمغا بىر ئىقىم بولالايدىغاندەك، "فۇلىيچە تەرجىمە" دەپسىز، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەسمەن. سوزنىڭ راۋانلىغى، تىل بايلىغى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى جانلىقلىغى جەھەتتىن ئالغاندا، ئەسلى كوزلىگەن نىشانىدىن تېخى يىراقمەن.

ئەپەندىم، مېنىڭ ناچار تەرجىمىلىرىمنى شۇنچە كوپ كۈچ سەرپ قىلىپ، كوچۈرۈپ چىقىپسىز، غەيرىتىڭىزگە ئاپىرىن، بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خىجىل بولدۇم. كوچۈرۈپ-سېلىشتۇرۇپ كورگەندىن كېيىن، خاتا جايلىرىنى ئۇچراتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن كورسىتىپ بەرسىڭىز چەكسىز مىننەتدار بولغان بولاتتىم. بىرقانچە يىلدىن بۇيان مىڭەم ئاجىزلاپ كېتىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوزۈمىمۇ ئارتۇقچە تالىدىغان، گايىدا ياشاڭغۇرايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە سۈرئىتىم ئاستىلاپ قېلىۋاتىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى قولى كالۋالىشىدۇ، مەڭگۈ يېتىشەلمەيدۇ دىگەن- دەك، تەرجىمىنى قايتىدىن ئىشلىشىمۇ كوپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەشق ئۇرنىدا تەرجىمە قىلىپ كورۇش مەسىلىسىگە كەلـ
سەم، مېنىڭ پىكرىم، ئىشنى ئۇزىڭىز ياخشى كورگەن پوۋېست ـ
ھىكايىدىن باشلىغىنىڭىز ياخشى. چۇنكى دىتىڭىزغا ياقىدىغان
بولغاچقا، ئاسان چۇشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھەۋىسىڭىز بولغاچقا،
چۇشىنىشىڭىز ئەلۋەتتە چوڭقۇرراق بولىدۇ؛ ھىكايە ـ پوۋېست
ئۇزۇن بولمىغاچقا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۇگەتكىلى بولىدۇ،
نەتىجىڭىزنىمۇ ئاسان كورەلەيسىز. تەرجىمىگە كىرىشىشتىن
ئىلگىرى، ئەسلى ئەسەرنى پىششىق ئوقۇپ چىقىش، ئوبدان
چۇشىنىۋېلىشتىن زېرىكمەسلىك تېخىمۇ مۇھىم. ھەرقانداق
ئەسەرنى 4 ـ 5 قېتىم پىششىق ئوقۇپ چىقمىغىچە قەلەم تەۋرەتـ
مەسلىك ــ تەرجىمىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. بىرىنچى تەلەپ
شۇكى، ئەسلى ئەسەرنى (ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى، ئۇنىڭدىكى ھىسـ
سىياتنى، كەيپىياتنى، روھىي ھالەت ۋاھاكازالارنى) ئوزلەشـ
تۇرۇۋالغاندىلا ئاندىن تەرجىمىگە كىرىشكىلى بولىدۇ. ئادەتتە
چەتئەل تىلىنى قېتىقىنىپ تەتقىق قىلغاندىن تاشقىرى، خەنزۇ
تىلىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك، قەدىمقى
رومانلارنى كوپ ئوقۇماي، سوز بايلىقىنى كوپەيتمەي، تىلىمىزـ
نىڭ ئەسلى جۇملە قائىدىلىرىنى ۋە تىل ئادىتىنى پىششىق
بىلمەي بولمايدۇ. مەن بۇ جەھەتتە يېتەرلىك تىرىشالمايۋاتقانـ
لىقىمنى ھىس قىلىمەن. قىسقىسى، ئەدىبىي تەرجىمىدە بەدىي
ماھارەتنى ئاشۇرۇش، بۇ جەھەتتە قوساققا بەدىي ئۇماچ توپلاش
ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سەزگۇر زېھىن، قىزغىن ھىسداشـ

لىق، ئوقۇپ لەززەت ئېلىش ئىقتىدارى، ئۆز لايىغىدا ئىجتىما-
ئى تەجرىبە، تولۇق ئومۇمىي ساۋات (يەنى ھەر خىل بىلىم-
مەلۇمات) بولمىسا، ئەسلى ئەسەرنى تولۇق چۈشىنىش تەس،
چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ناتايىن.
ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بىلەن فرانسۇزچە ئەسلى ئەسەرنى سېلىش-
تۇرۇپ ئوقۇسىڭىز بۇنىڭدىنمۇ خېلى كوپ نەپ ئالالايسىز.
ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئانچە سادىقلىق بىلەن ئىشلەنمىگەن
تەقدىردىمۇ تەرجىمە پرىنسىپى جەھەتتىن ئۈلگە ئېلىپ،
ئىشەنچنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ. مەن تەرجىمە قىلغان «فورد»نى
سېلىشتۇرۇپ كوردىڭىزمىكىن؟ ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ
تىلى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى ناھايىتى ياخشى، ئۇنى تەرجىمە
قىلىشقىمۇ نۇرغۇن ئەجىر قىلغان ئىدىم. بەلكى ئۇنىڭ سىزگە
ئاز-تولا ياردىمى بولۇپ قالار. ئاۋال ئالدىراپلا جاۋاپ يازدىم.
ئامانلىغىڭىزنى تىلەپ.

ھورمەت بىلەن فۇلېي

1963-يىل 6-يانۋار

# 在俄共（布）莫斯科委员会庆祝弗·伊·列宁五十寿辰大会上的演说
## （一九二〇年四月二十三日）

约·维·斯大林

听过前面几个人的讲话和回忆以后，我要说的就很少了。我想只指出还没有人谈到的一个特点，就是列宁同志的谦虚和他勇于承认自己错误的精神。

我想起列宁这个巨人两次承认自己失算的事情。

第一件事情是一九〇五年十二月在芬兰塔墨尔福斯举行的全俄布尔什维克代表会议上关于抵制维特杜马的决定。当时存在着抵制维特杜马的问题。接近列宁同志的人，就是我们地方代表所十分崇敬的那七个人肯定地说，伊里奇反对抵制杜马，主张参加杜马选举。后来知道，的确是这样。于是展开了争论，地方抵制派即彼得堡代表、莫斯科代表、西伯利亚代表、高加索代表都进行攻击，而当我们讲话结束时，列宁起来讲话，他说，他原来是赞成参加选举的，但是现在他发现自己错了，因此，他同意各地代表的意见，这时我们非常惊讶，我们都被感动了。这给了我们一个电击般的印象。我们大家都向他欢呼致敬。

还有一件这样的事情。一九一七年九月，在克伦斯基执政时期，那时民主会议召开了，孟什维克和社会革命党人成立了新机关——予备国会，以便准备从苏维埃过渡到立宪会

议，就在这个时候，我们中央委员会在彼得格勒通过了一个决议，决定不驱散民主会议并沿着巩固苏维埃的道路前进，召开苏维埃代表大会，举行起义并宣布苏维埃代表大会为国家权力机关。伊里奇那时不在彼得格勒，处在秘密状态中。他不同意中央委员会的决议，在信中说，必须立刻驱散这群混蛋（民主会议）并把他们逮捕起来。

我们觉得事情并不这样简单，因为我们知道，民主会议的半数代表，至少三分之一的代表是从前线来的，逮捕和驱散他们只能把事情弄糟，把和前线的关系搞坏。我们觉得我们实际工作者对于我们道路上的一切小沟、泥坑和坎坷要看得清楚些。但是伊里奇是伟大的，他不怕自己道路上的泥坑、坎坷或深沟，他不怕危险，他说："站起来，一直走向目标。"而我们实际工作者认为，当时这样做对我们是不利的，应当绕过这些障碍，然后对准要害，果敢地行动。于是，我们不顾伊里奇的一切要求，没有听他的话，沿着巩固苏维埃的道路继续前进，直到十月二十五日召开苏维埃代表大会，直到胜利举行起义。那时伊里奇已经到了彼得格勒。他微笑着，狡黠地瞅着我们说："是的，恐怕是你们对。"

这又使我们感动了。

列宁同志是不怕承认自己的错误的。

这种谦虚和勇敢精神特别使我们敬服。（鼓掌）

（《斯大林全集》第四卷第280——282页，

人民出版社1956年8月第一版）

## ۋ. ئى. لېنىننىڭ تۇغۇلغان كۇنىگە 50 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ر ك (ب) پ موسكۋا كومىتې-تىنىڭ تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلەنگەن سوز

(1920-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۇنى)

ئى. ۋ ستالىن

ئېيتىلىپ ئوتكەن سوزلەر ۋە ئەسلىمىلەردىن كېيىن ماڭا ناھايىتى ئاز سوزلەشكە توغرا كەلدى. مېنىڭ پەقەت بىرلا سۇپەتنى ئاتاپ ئوتكۇم كېلىدۇ، بۇنى تېخى ھېچكىم ئېيتمىدى. ئۇ — يولداش لېنىننىڭ كىچىك پېئىللىغى ۋە ئوزىنىڭ خاتالىق-لىرىنى بويىنىغا ئالىدىغان ئەركەكلىگى.

لېنىننىڭ، بۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ ئوزىنىڭ كەتكۇزۇپ قويغان خاتالىقلىرىنى ئىككى قېتىم بويىنىغا ئالغانلىغى ئېسىمدە.

بىرىنچى ۋەقە — بولشېۋىكلارنىڭ 1905-يىلى 12-ئايدا فىنلاندىيەنىڭ تامېرفورستى دىگەن يېرىدە ئوتكۇزۇلگەن پۇتۇن روسىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋىتتى دۇماسىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى. شۇ چاغدا ۋىتتى دۇماسىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مەسىلە ئوتتۇرىغا چۇشكەن ئىدى. يولداش لېنىنغا يېقىن ئادەملەر، يەتتە ئادەم — بىز، جايلاردىن

كەلگەن ۋەكىللەر بۇ يەتتە ئادەمنى تولىمۇ ھورمەتلەيتتۇق — ئىلئىچ دۇماغا قارشى چىقىشقا قارشى. ئۇ دۇما سايلىمىغا قاتنىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دەپ قەتئىي تۇردى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، راست شۇنداق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە باشلىنىپ، يەرلىك قارشى چىققۇچىلار — پېتېربۇرگلىق ۋەكىللەر، موسكۋالىق ۋەكىللەر، سىبىرىيىلىك ۋەكىللەر، كافكازلىق ۋەكىللەر ھۇجۇمغا ئۆتتى: بىزنىڭ سوزىمىز تۈگىگەندىن كېيىن، لېنىن سوزگە چىقىپ: مەن سايلامغا قاتنىشىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدىم، لېكىن ئەمدى ئۆزەمنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى كورۇپ ئولتۇرۇپتىمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن يەرلىك ئورۇنلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن دىگەندە، بىز ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدۇق، تەسىرلەندۇق. بۇ بىزگە ئېلېكترنىڭ سوققىنىدەك تەسىر قىلدى. بىز لېنىنغا تەنتەنە بىلەن ھورمەت بىلدۇردۇق.

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقە بولدى. بۇ 1917-يىل 9-ئايدا كېرېنسكى ھوكۇمرانلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە، دېموكراتىك كېڭەش ئېچىلغاندا، مېنشېۋىكلار بىلەن ئېسېرلار يېڭى ئورگان — تەييارلىق پارلامېنتى قۇرغان چاغدا بولدى، بۇ ئورگان سوۋېتلەردىن قۇرۇلتايغا كوچۇشكە تەييارلىق كورمەكچى ئىدى، ئەنە شۇ چاغدا بىزنىڭ پېتروگرادتىكى مەركىزىي كومىتېتىمىزدا: دېموكراتىك كېڭەش تارقىتىلمىسۇن، سوۋېتلەرنى مۇستەھكەملەش يولىدا مېڭىلسۇن، سوۋېتلەر قۇرۇلتىيى ئېچىل-

سۇن، قوزغىلاڭ كۆتىرىلسۇن، سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى دەپ جاكالانسۇن دېگەن قارار چىقىرىلغان ئىدى. شۇ چاغدا پېتروگرادتىن باشقا يەردە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان لېنىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارىغا قوشۇلماي: بۇ ئەبلەخلەرنى (دېموكراتىك كېڭەشنى) دەرھال تارقىتىپ، قاماقىقا ئېلىش كېرەك، دەپ خەت يازدى.

بىزنىڭچە، مەسىلە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، چۈنكى دېموكراتىك كېڭەش ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمى، كەم دېگەندە 3 تىن بىرى ئالدىنقى سەپتىن كەلگەنلىكى بىزگە مەلۇم ئىدى، ئۇلارنى قاماقىقا ئېلىش، تارقىتىش ئارقىسىدا ئىش چاتاقلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپ بىلەن ئالاقىمىزنى يامانلاشتۇرغان بولاتتۇق. بىزنىڭچە، يولىمىزدا ئۇچرايدىغان خەندەك، ئازگاللار، ئوي-دوڭغۇللۇقلار بىزگە، ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا بەلگىلىك ئىدى. بىراق ئىلىچ ئۇلۇغ ئادەم، ئۇ ئۆزىنىڭ يولىدىكى خەندەك، ئازگاللاردىن، ئوي-دوڭغۇللاردىن قورقمايدۇ، ئۇ خەۋپتىن قورقماي: "تۈز، نىشانغا قاراپ توغرا ماڭ" دەيدۇ! بىز ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولساق، ئۇ چاغدا، ئۇنداق قىلىشنى پايدىسىز دەپ قارىدۇق، كېيىن ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ توسالغۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈشنى زورۇر دەپ قارىدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئىلىچ شۇنچە تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ سوزلىرىگە قۇلاق سالالمىدۇق، سوۋېتلەرنى مۇستەھكەملەش يولىدا كېيىن-

ۋەردۇق، شۇنداق قىلىپ، ئىشنى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئېچىل-
غان سوۋېتلەر قۇرۇلتىيىغا، يېڭىلمەس قوزغىلاڭغا يەتكۈزدۇق.
شۇ چاغدا ئىلئىچنىڭ ئوزىمۇ پېتروگرادتا ئىدى. بىزگە كوزىنى
قىسىپ كۈلۈپ: "راست، سىلەرنىڭ توغرا ئىكەن" دىدى.
بىز بۇنىڭدىنمۇ تەسىرلەندۇق.
يولداش لېنىن ئوزىنىڭ خاتالىقلىرىنى تەن ئېلىشتىن قورق-
قان ئەمەس.
بۇ كىچىك پېسىللىغى بىلەن ئەركەكلىكى بىزنى، ئاجايىپ
قايىل قىلدى، (چاۋاك).
(«ستالىن ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 280 —
282 ـ بەت. خەلق نەشرىياتىنىڭ 1956 ـ يىل 8 ـ ئايدىكى 1 -
نەشرى).

书号 M. 9049 (4) 6
定价 0.52元